ئۆمەرجان سىدىق

بىلىمنامە (2)

# سېھىرلىك زېمىن تۇرپان



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئاساسىي مائارىپ دەرس ئىسلاھاتى بويىچە دەرس بايلىقى

ئۆمەرجان سىدىق

بىلىمنامە (2)

# سېھىرلىك زېمىن تۇرپان

(يەرلىك دەرسلىك)



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

百科知识问答：宝地吐鲁番／吾买尔江·斯地克著.
—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2005.6
ISBN 7-5372-3923-1

Ⅰ.百... Ⅱ.①达...②吾... Ⅲ.科学知识-问答-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Z228

中国版本图书馆CIP数据核字（2005）第068531号

责任编辑：亚力坤·阿布都萨拉木

责任校对：哈斯亚提·依不拉音

百科知识问答（维吾尔文）

吾买尔江·斯地克 著

新疆人民卫生出版社出版

（乌鲁木齐市龙泉街66号 邮编 830001）

印刷厂印刷

新疆新华书店发行

850×1168毫米 32开本 印张

2005年6月第1版 2005年6月第1次印刷

印数：1—4000 总定价：22.00元


بېزەكلىك مىڭئۆيى

«نېمە دېگەن تاتلىق ئۈزۈم!»



سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى





گوزەل بۈيلۇق



توقسۇندىكى كۆرجەي
قىياتاش رەسمى
(«تاش خەرىتە»)



تۈيۇق




رەڭلىك B تىپلىق ئاۋازدىن تېز تەكشۈرۈش ئاپپاراتى



رەقەملىك ئاشقازان، ئۈچەي سۈرەت بىرتەرەپ قىلىش ئاپپاراتى



ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن پۈتۈن بەدەنلىك، قوش رەتلىك بۇرمىسىمان CT ئاپپاراتى



چوڭ تىپتىكى رەقەملىك، قان تومۇرلارنى سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى



تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى



قوچو قەدىمكى شەھىرى



قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شۆھرەتلىك
خانلىرىدىن ئالپ ئارسلانخان (10 - ئەسىر)

ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن قەدىمكى يېزىقلار





كارىز

تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى




ئاپتوماتىك قان تەكشۈرۈش ئانالىز ئاپپاراتى



زامانىۋى ئوپېراتسىيەخانا



فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىدىكى يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن بىلەن داۋالاش ئاپپاراتى







پىچاندىكى قۇمتاغ مەنزىرىگاھى



تەيزاك (ستوپا) مۇنارى

ئايدىڭكۆل






تارىخنى بىلىش، ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىننى چۈشىنىش — ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر. تارىخنى ياخشى بىلگەندىلا، بۈگۈننىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلغىلى، كەلگۈسىگە پۇختا قەدەم باسقىلى بولىدۇ. «تارىخنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ». ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى بىلمەيدىغان ئازغۇن ئەۋلادلاردىن گۈزەل كېلەچەكنى كۈتكىلى بولمايدۇ. تارىخنى ئۆگىنىش، ئانا ۋەتىنىنى، يۇرتىنى چۈشىنىش ھازىرقى زامانىۋى دەۋردە تېخىمۇ زۆرۈردۇر. بولۇپمۇ تۇرپان دىيارىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، تۇرپان نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تارىخىدا شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇ سەۋەبتىن ھازىر تۇرپان جۇڭگودىكى مەشھۇر ساياھەت شەھىرىگە ئايلىنىپ، ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىدىغان كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەر بىر تۇرپانلىق ساھىبخان ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا ھەر بىر تۇرپانلىق ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئاز ـ تولا بىلىمگە ئىگە بولۇپ قويمىسا بولمايدۇ.



ئەڭ مۇھىمى، ھازىر مائارىپ ساھەسىدە «يېڭى دەرس ئىسلاھاتى» داغ-دۇغىلىق يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلپى بويىچە ھەر قايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «يەرلىك دەرس» تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يۇرت تارىخى، مىللىي مەدەنىيەت، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدە ساۋات بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تۇپرىقىنى چۈشىنىش، سۆيۈش ئاڭ-لىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. «يەرلىك دەرس» ھەقىقەتەن دەل ۋاقتىدا تەسىس قىلىنغان، زۆرۈر ئوقۇشلۇق بولۇپ، بۇ «دەرس ئىسلاھاتى»نىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە مىللىي پسىخىكىسىنى يېتىلدۇرىدىغان ئاقىلانە ئىسلاھات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ھازىر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار «يەرلىك دەرس»تە پايدىلىنىدىغان ماتېرىيالغا، جۈملىدىن ئانا يۇرتى تۇرپان ھەققىدىكى ئىلمىي، ئىخچام، چۈشىنىشلىك قوللانمىغا ئېھتىياجلىق. «بىلىمنامە — سېھىرلىك زېمىن — تۇرپان» دېگەن كىتاب دەل مۇشۇنداق تەخىرسىز مۇددىئادا تۈزۈلدى.

ھازىر باللار نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئاددىي ھالدىكى كىتابىي بىلىملەرگە قانائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، قىزىقىشى كۆپ خىللىشىپ، سورايدىغان سوئالى كۆپەيدى. سىز بىر ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بالىڭىز يالقۇنتاغ رىۋايىتى ھەققىدە سوئال سورىسا، تاڭ سېڭ، سۇن ۋۇكۇڭلار ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنسە، بالىڭىزغا بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرەلمىسىڭىز تەڭقىسلىق ھېس قىلامسىز؟

بىر كۈنى كەچتە ئۆيدە ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز تېلېفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. مەلۇم ئىدارىنىڭ باشلىقى بولغان بىر ھۆرمەتلىك ئاكىمىز ئۈرۈمچىدىن تېلېفون ئۇرغان ئىكەن. ئۇ: ئۆز سىستېمىمىز بويىچە ئېچىلغان بىر يىغىنغا چىققان ئىدىم، ـ دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا، ـ ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىدارە مەسئۇللىرى كەچلىك تاماقتا بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋېتىپ، پاراڭ ئارىلىقىدا تۇيۇقسىز بىرەيلەن مەندىن «تۇر-پان»دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراپ قالدى. ئۇ ئەلۋەتتە مېنى تۇرپانلىق

بولغاچقا بىلىدۇ، دەپ سورىغان ئىدى. راستىنى ئېيتسام مەن «تۇرپان»
دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىكەنمەن، يالغان ـ ياۋداق گەپ بىلەن
ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئاڭغىچە گەپ باشقا تېمىغا بۇرۇلۇپ
كەتتى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، باشقىلارغا تۇيدۇرماي قول يو-
يۇش ئۆيىگە كىرىپ، سىزگە تېلېفون ئۇرۇۋاتىمەن. دەرھال «تۇرپان»
دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى دەپ بېرىپ مېنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇڭ!
دېدى.

مەن شۇئانلا تېلېفوندا «تۇرپان» نامىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ
قويدۇم، ئۇ رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى. بۇ ئىش مېنى ئويغا سېلىپ
قويدى. ئەلۋەتتە بۇ ھۆرمەتلىك ئاكىمىز يۈزنى قېلىن قىلىپ «بىلمەي-
دىكەنمەن» دېسىمۇ ياكى خالىغانچە گەپ توقۇپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسىمۇ
بولاتتى. بىراق ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆزىنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزمەسلىك
ئۈچۈن بۇ ئىشقا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان،
ئۇرۇمچىدىن ئاتايىتەن تېلېفون ئۇرغان. خوش، بۇ ئىش بىزنىڭ بېشى-
مىزغا كەلسە قانداق قىلاتتۇق؟

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مېنى كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئاتا ـ ئانىلار
ئىزدەپ كېلىپ، ئوقۇغۇچىلىرى، پەرزەنتلىرىگە چۈشەندۈرۈپ قويۇش
ئېھتىياجى بىلەن تۇرپاننىڭ تارىخى، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى
ھەققىدە كۆپلىگەن سوئاللارنى سورىدى. بۇ خىل بىلىملەر ھەر خىل
كىتاب، ماتېرىياللاردا پارچە ـ پارچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، قولغا
ئالسىلا تۇرپان ھەققىدە ئەتراپلىق ساۋاتقا ئىگە بولغىلى بولىدىغان سىس-
تېمىلىق ھەم ئىخچام ئۇيغۇرچە ماتېرىيالنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە پىكىر
بېرىشتى.

مەن مۇخبىرلىق ئېھتىياجىدىن ھەر قايسى ساياھەت، مەنزىرە نۇقتى-
لىرىنى، قۇم ساناتورىيىسىنى ئارىلاش جەريانىدا تۇرپانغا ساياھەتكە، داۋا-
لىنىشقا كېلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى،
لېكىن ساياھەت نۇقتىلىرىدا تۇرپان ھەققىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللار
كۆپ بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئەل-
ۋەتتە بىر قىسىم ساياھەتچىلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ساياھەت نۇقتى-

لىرىنى مۇنداقلا كۆرۈپ قويۇشقا قانائەتلەنمەيدۇ. ئۆزى زىيارەت قىلىۋاتقان
جاينىڭ تارىخىنى، ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىشنى ئويلايدۇ، بۇ ھەم بىر
ساياھەتچى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

مەن يۇقىرىقى ئېھتىياجلارنى نەزەردە تۇتۇپ، «تۇرپان ھەققىدە سىس-
تېمىلىق، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بىر قوللانما تۈزۈش جىددىي زۆرۈر-
كەن» دەپ ئويلاپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەلۋەتتە بۇ ئەسلى مۇتەخەس-
سىسلەرنى تەشكىللەپ، مەلۇم مىقداردا ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئىشلەيدىغان
زور ئىلمىي ئەمگەك بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇ ئىش ھازىرغىچە
قولغا ئېلىنمىدى. ئەگەر بۇ ئىش سوزۇلۇپ كېتىۋەرسە، ئوقۇتقۇچى، ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ، ئاتا ـ ئانا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى ئاق پېتى قېلىۋې-
رىشى، ھەتتا ماتېرىيال بولمىغاچقا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۇرت تارىخى
ھەققىدە خاتا ئۇچۇر يەتكۈزۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن
«ئاددىي بولسىمۇ، دەرھال ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان بىر قوللانما تۈزۈپ
قوياي» دېگەن مەقسەتتە بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. بىلىمىم ۋە ماتېرى-
ياللىرىم، ئىزدىنىشىم چەكلىك بولغاچقا، كىتابتا بەزى نۇقسانلار كۆرۈلۈ-
شى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن تارىخىي مەسىلىلەردە، ئوخشىمىغان
مەنبەلەردە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولغاچقا، بەزى پاكىتلار ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ بىلگىنىدىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. مەن كۆپلىگەن مەن-
بەلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئەڭ توغرا دەپ قارىغانلىرىمنى ئىشلەتتىم. نېمىلا
بولمىسۇن مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ بولغانلىقى كېيىنكى يەنىمۇ مۇ-
كەممەل ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغۇسى. يەنە بىر جە-
ھەتتىن كىتاب ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەچكە، تارىخىي ئۇ-
چۇرلارنى ئىمكان بار ئىخچام، ئاددىي، چۈشىنىشلىك بايان قىلىشقا تى-
رىشتىم، بەزى مەسىلىلەرنى ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەپسىلىي بايان قى-
لىشقا، چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ
چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ئۆزۈم گېزىتخانىدا ئىشلەش قولايلىقلى-
قىمدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى ساياھەت، مەنزىرە نۇقتىلىرى ھەققىدىكى
ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى كىرگۈزۈپ، كىتابتىكى پاكىتلارنىڭ يېڭى، ھە-

قىقىي بولۇشىغا تىرىشتىم. كۆپلىگەن كىتاب ـ ژۇرناللاردىن، گېزىتلەردىن، ماقالىلەردىن پايدىلاندىم. بۇ يەردە مەن بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئاپتورلار، تەرجىمانلار، مۇھەررىرلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى، «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابلىم قېيۇم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى، «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، تەتقىقاتچى ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇقلار كۆرۈپ، مۇھىم تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى، كىتابتىكى تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئىلمىي، توغرا بولۇشىنى زور دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق ئەپەندى كىتابنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇش جەھەتلەردە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. مەن بۇ ئىككى ھۆرمەتلىك تەتقىقاتچىغا ئالاھىدە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپ بېرىشىنى سورايمەن.



ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسەتكەن ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۇكەممەل خەرىتىسى

# ئىچىدىكى مەزمۇنلار


تۇرپاننىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........................................ (1)
تۇرپاننىڭ قىسقىچە تارىخى ........................................ (7)
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ........................................ (15)
تۇرپان غوجىلىرى (ۋاڭلىرى) ........................................ (27)
«تۇرپان» نامى توغرىسىدا ........................................ (32)
پىچان ........................................ (34)
توقسۇن ........................................ (39)
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................................ (45)
يارغول قەدىمكى شەھىرى ........................................ (50)
قوچو قەدىمكى شەھىرى ........................................ (57)
بېزەكلىك مىڭئۆيى ........................................ (61)
ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........................................ (67)
سۇلايمان غوجا (ۋاڭ) مۇنارى ........................................ (71)
تەيزاڭ (ستوپا) مۇنارى ........................................ (76)
كۆرجەي(پەنجىر تاغ) قىيا تاش رەسمى ........................................ (79)
تۇيۇق ۋە ئەسھابۇلكەيف ........................................ (83)
كارىز ........................................ (89)
بۇيلۇق ........................................ (98)
ئىدىقۇت تېغى(يالقۇنتاغ) ........................................ (102)
قۇمتاغ مەنزىرىگاھى ........................................ (107)
ئايدىڭكۆل ........................................ (110)
قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى ........................................ (113)






ياشلار يولى پىيادىلەر كوچىسى .................... (116)

ساياھەت ـ مەدەنىيەت مەيدانى

ئۈزۈمزار سەيلىسى

قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش .................... (121)

چۈنچە .................... (126)

ئۈزۈم .................... (128)

قوغۇن .................... (132)

يىپەك يولى .................... (134)

ساياھەتچىلىك .................... (138)

مائارىپ .................... (145)

تېبابەتچىلىك .................... (153)

سەھىيە (1) .................... (158)

سەھىيە (2) .................... (164)

نازىركوم .................... (169)

تۇرپان مۇقامى .................... (174)

دەرد ـ داغ مۇقامى .................... (178)

بۇقا تېگىن .................... (181)

سېغىقۇسەلى تۇتۇق .................... (185)

تاتاتوڭا .................... (187)

ئىمىن غوجا .................... (190)

ئەخمەت غوجانىياز قىسسۇرى .................... (194)

موللا زەيدىن .................... (197)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر .................... (201)

مەخسۇت مۇھىتى .................... (208)

تاھىربەگ ئەپەندى .................... (215)

تۇرپانشۇناسلىق ۋە «تۇرپان تېكستلىرى» .................... (220)

پايدىلانغان ماتېرىياللار .................... (226)






# تۇرپاننىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

تۇرپان ئويمانلىقى جۇغراپىيىلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە ۋە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئويمانلىقتۇر. شىمالىي تەرەپتە تەڭرىتاغ، جەنۇبىي تەرەپتە ئاغىبۇلاق تاغلىرى (يەرلىك ئاھالىلەر «چۆل تاغ» دەپمۇ ئاتىشىدۇ)، شەرقىي جەنۇب تەرەپتە ئالتۇنتاغ، غەربىي تەرەپتە تەڭرىتاغنىڭ غەربىي تارمىقى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر چوڭ ئويمانلىق. ئۇنىڭ شەرقى قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن، غەربى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، جەنۇبى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن چېگرىداش. شىمالى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 69 مىڭ 713 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 4.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىگە تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى قاراشلىق بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى تۇرپان شەھىرىدە. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە 31 مىللەت، 535 مىڭ 475 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 205 مىڭ 831 شەھەر - بازار ئاھالىسى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 412 مىڭ 238 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 76.99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇرپان ۋىلايىتى مۇھىم قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي



شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈزۈم، پاختا، قوغۇن ۋە نېفىت بازىسى.

هازىر تۇرپان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رايونلىرىنىڭ بىرى. تۇرپاننىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي مۇراسىملىرى ئىنتايىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە، مىللىي تۈسى ناهايىتى قويۇق. تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن جاي لۈكچۈن بىلەن تۇيۇق. لۈكچۈن — 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي بازار. شەرقىي خەن دەۋرىدە، بەنچاۋنىڭ ئوغلى بەنيۇڭ بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقان، هازىرمۇ ليۇجوڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسى بار. لۈكچۈندە تۇرپان غوجىلىرىنىڭ ئوردىسى هازىرمۇ ساقلانماقتا. لۈكچۈن يەنە داڭلىق قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئەسلى ماكانى، تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ بۆشۈكى. تۇيۇق —ئىدىقۇت تېغىدىكى بىر جىلغا، بۇ جايدا بېزەكلىك تاش كېمىرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان مىڭئۆيلەر، يەنە داڭلىق تۇيۇق غوجام (ئەسھابۇلكەيف) مازىرى بار. بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار كەنتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

تۇرپاندا يەنە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جۇغ-

راپىيىلىك يەر شەكلى، ياشاش شارائىتى ۋە تۇرمۇش شەكلى مۇجەسسەم-
لەنگەن بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە
بوستانلىق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. بۇ جايدا
قۇم - باياۋان، قارلىق تاغ، گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق كېلىپ تۇرىدىغان مې-
ۋىلىك باغ، قويۇق ئوت - چۆپ ئۆسكەن يايلاق بار. تۇرپانغا ساياھەتكە
كەلگەن ئادەم بۇ يەردە ئۆزىگە تونۇش بولغان نۇرغۇن مەنزىرىلەرنى
ئېكسكۇرسىيە قىلالايدۇ. مەسىلەن: «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى
تاڭ راھىبى شاگىرتلىرى بىلەن بىللە مىڭ بىر مۇشەققەتتە كېسىپ
ئۆتكەن ئىدىقۇت تېغى (يالقۇنتاغ)، دۇنيادا ئۆلۈك دېڭىزدىنلا كېيىن تۇ-
رىدىغان دۇنيا بويىچە 2 - پەس جاي ئايدىڭكۆل ھەمدە سەددىچىن سې-
پىلى، بۈيۈك چوڭ قانال بىلەن بىرلىكتە جۇڭگودىكى قەدىمكى ئۈچ چوڭ
قۇرۇلۇش دەپ تەرىپلىنىدىغان كارىز، دۇنيا بويىچە ئەڭ تاتلىق كىشمىش
ئۈزۈم چىقىدىغان بۇيلۇق ۋە قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى قاتارلىق-
لار.

بۈگۈنكى كۈندە، شەرقتە ئېلىمىزنىڭ لەنيۇنگاڭ شەھىرىدىن باشلى-
نىپ، غەربتە گوللاندىيىنىڭ روتتېردام شەھىرىگە تۇتىشىدىغان ئاسىيا -
ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى تۆمۈر يولى پۈتكۈل تۇرپان تەۋەسىنى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تۇرپان
شەھىرىنىڭ داخېيەن (يوغان تېرەك) بازىرىدا كېسىشىدۇ. مەملىكەت بو-
يىچە ئەڭ ئۇزۇن دۆلەت تاشيولى شەرقتە شاڭخەيدىن باشلىنىپ غەربتە
قورغاستا ئاخىرلىشىدىغان 312 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بىلەن 314 -
نومۇرلۇق دۆلەت يولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىمۇ مۇشۇ يەردە كېسى-
شىدۇ.

تۇرپانلىقلار تۇرپاندىكى «تۆت ئەڭ»نى يەكۈنلەپ چىققان: ئەڭ قۇرغاق،
ئەڭ ئىسسىق، ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ تاتلىق. ئەڭ قۇرغاق — تۇرپاننىڭ يىللىق
ھۆل يېغىن مىقدارى ئاران 16 مىللىمېتىر بولۇپ، «ھالاكەت دېڭىزى»
دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭكىدىنمۇ ئاز، يىللىق پارلىنىش
مىقدارى 3000 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ؛ ئەڭ تۆۋەن — ئايدىڭكۆلنىڭ جاي-





لاشقان ئورنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن؛ ئەڭ تاتلىق — تۇرپاندىن چىقىدىغان كىشمىش ئۈزۈم دۇنيا بويىچە ئەڭ تاتلىق بولۇپ، قەنت تەركىبى 78% كە يېتىدۇ؛ ئەڭ ئىسسىق — تۇرپان مەملىكىتىمىز بويىچە تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى جاي بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 49.6℃ قا يېتىدۇ، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 80℃ قا يېتىدۇ. بۇنداق چاغدا تاشقا نان ياقسا، قۇمغا تۇخۇم كۆمسە پىشىدۇ. تارىختا بۇ جاي «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتالغان.

تۇرپان مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ قۇرغاق، ئەڭ ئىسسىق جاي بولۇپ، يىراق قەدىمكى زاماندا بۇ جاي ئېچكى قۇرۇقلۇق دېڭىزى ئىدى. ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى زامانلاردا تىرىسكا بېلىقى، دىنوزاۋر، تىمساق، غايەت زور كەركىدان قاتارلىقلار بۇ جاينىڭ خوجايىنلىرى ئىدى. پىچان پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىدىن ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر، ئېگىزلىكى تۆت مېتىر كېلىدىغان غايەت زور كەركىدان تاشقاتمىسى تېپىلغان. بۇنداق غايەت زور كەركىدان بىر كۈندە 500 كىلوگرام چۆپ يەيدۇ. بۇنىڭدىن بۇ جاينىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوت ـ سۈيى مول، مەنزىرىسى گۈزەل جاي ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. يەر پوستىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھىمالايانىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ يەردە پەيدىنپەي ئېگىز ـ تۆۋەنلىك پەرقى چوڭ، جەنۇبى تۆۋەن، شىمالى ئېگىز، غەربى كەڭ، شەرقى تار، ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن دۆڭلەر ئۆسۈپ چىققان ئويمانلىق شەكىللەنگەن. داڭلىق ئىدىقۇت تېغى (قۇتتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزراپ يېتىپ، ئويمانلىقنى جەنۇب ـ شىمال ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا قارلىق تاغ، كۆل، تاغلىق، يايلاق، بوستانلىق، قۇم ـ باياۋان، يارداڭلىق يەر شەكلى مول تارىخىي مەدەنىيەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، ئۆزگىچە ئاجايىپ ـ غارايىپ جۇغراپىيىلىك ۋە ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئۆزگىچە، بايلىق مەنبەسى مول، ئاساسلىق ئۈچ چوڭ بايلىق مەنبە ئەۋزەللىكىگە ئىگە: بىرىنچى، نۇر ـ

ئىسسىقلىق بايلىقى. ئويمانلىقنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇشى يېتەرلىك. پۈتۈن يىللىق قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتىش ۋاقتى 3200 سائەت، 10℃ تىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك يىغىندى تېمپېراتۇرا 5300℃ تىن ئارتۇق، قىروسىز مەزگىلى 270 كۈنگە يېتىدۇ. ئەۋزەل نۇر ـ ئىسسىقلىق شارائىتى ۋە ئۆزگىچە كىلىماتى بۇ يەردىن چىقىدىغان ئۈزۈم، قوغۇن، ئۇزۇن تالالىق پاختا، پەسىلسىز كۆكتات قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. تۇرپاننىڭ قۇرۇق ئۈزۈمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇق ئۈزۈم مىقدارىنىڭ 85% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، كان بايلىقى. تۇرپاندىن ھازىرغا قەدەر 65 خىل كان مەھسۇلاتى بايقالدى. نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، مىرابىلىت، گرانت، نىراتىن، بېنتونىت قاتارلىقلارنىڭ زاپاس مىقدارى كۆپ، سۈپىتى ئەلا بولۇپ، ئېچىش قىممىتى ۋە يوشۇرۇن كۈچى زور. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتنىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 1 مىليارد 575 مىليون توننا، تەبىئىي گازنىڭ 365 مىليارد كۇپمېتىر. تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ يىللىق خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 3 مىليون توننا. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە كۆمۈر بايلىق زاپىسى 134 مىليارد 970 مىليون توننا، يىللىق كۆمۈر قېزىش ئىقتىدارى 2 مىليارد 100 مىڭ توننا. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ گرانت زاپىسى مول، سۈپىتى ياخشى؛ ئۈچىنچى، ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول. ساياھەتچىلىك تۇرپاننىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرى. تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى 1978 ـ يىلى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن باشلاپ تەرەققىي قىلىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق تۇرپاننىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، تۇرپان كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىزچىل ھالدا شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت ساياھەتچىلىكنى رەسمىي تۈردە يېتەكچى كەسىپ قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سايا-

ھەتچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان تەدبىر ۋە ئېتىبار بېرىش سىيا-سەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مەنزىرە رايون (نۇقتا)لىرىنى ئېچىش ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سۇپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچى مەنبەيىنى كۆپلەپ قازدى. پۈتكۈل ساياھەتچىلىكنىڭ قاتتىق، يۇمشاق دېتال مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى.

ئۈزۈم — تۇرپاننىڭ سىمۋولى ۋە پەخرى، شۇنداقلا قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئەلچى. جۇڭگو يىپەك يولى ئېچىلغانلىقىنىڭ 2100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈمزار سەيلىسى» ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئۈزۈمزار سەيلىسى تۇرپان ساياھەتچىلىكىدىكى مۇھىم پائالىيەت بولۇپ، تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كاتتا بايرىمى بولۇپ قالدى.



# تۇرپاننىڭ قىسقىچە تارىخى



ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزد-
ۋېلىنغان رەڭلىك ياغاچ قونچاق (تەگرد-
قۇتنىڭ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈشى، مىلادىيە
640 ـ يىللار)

## (تۇرپاننىڭ تارىخىنى چۈشىنەمسىز؟)

تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئار-
خېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا
ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونى
قەدىمدىن تارتىپ «ئۈچ چوڭ
مەدەنىيەت» (جۇڭگو مەدەنى-
يىتى، ھىندى مەدەنىيىتى،
گرېك مەدەنىيىتى)، ئۈچ
چوڭ دىن (بۇددا دىنى، خى-
رىستىيان دىنى، ئىسلام دى-
نى)، ئۈچ چوڭ تىل سىس-
تېمىسى (ئۇرال ـ ئالتاي تىل
سىستېمىسى، خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل
سىستېمىسى)، ئۈچ چوڭ ئىقتىساد (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يىپەك
يولى سودىسى) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان ئىچكى قۇرۇقلۇق رايون
بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگى-
لىگەن، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالماشتۇ-
رۇشىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپاندا ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار



ئىلگىرىلا باشلانغان. بۇنىڭدىن 15 مىڭ يىل ئىلگىرىلا تۇرپان رايونىدىكى باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ تېرىقچىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تاش قوراللاردىن تاشقىرى ساپال قوراللارنى ئىجاد قىلغان. يارغول رايونىدىن تېپىلغان ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر ئىشلەتكەن ماددىي نەرسىلەر ئىچىدىكى تاش پالتا، سۆڭەك ئوقيا ئوقى، يەنە مىستىن ئىشلەنگەن هايۋان سۈرەتلىك ئىشىك هالقىلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

2000 يىللار ئىلگىرى، هازىرقى شىنجاڭ غەربىي رايون دەپ ئاتىلاتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە غەربىي رايوننىڭ كۆپ قىسمى هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئۇ چاغلاردا هۇنلار غەربىي رايوننىڭ هەر قايسى جايلىرىغا تەهدىت سېلىپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغىمۇ ئېغىر تەهدىت سالغانىدى. خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەهكەملەش، غەربىي رايون بىلەن بولغان سودا ئالاقە يولىنى ئېچىش، غەربىي رايون، يەنى شىنجاڭنىڭ هەر قايسى بەگ باللىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ هۇنلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا بىرىنچى قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلار ئوتتۇرىسىدا شىنجاڭنى تالىشىش بويىچە تەكرار كۈرەشلەر باشلاندى.

شىنجاڭدىكى هەر قايسى بەگ باللار بىلەن بىرلىشىپ هۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جاڭ چيەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى شىنجاڭغا 2 ـ قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يىپەك يولى ئېچىلىپ، تۇرپان يىپەك يولىنىڭ مۇهىم تۈگۈنىگە ئايلاندى.

تۇرپان ئەينى چاغلاردا غۇز، قۇس، قوش دەپ ئاتالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كروراننى ئىشغال قىلىپ، پادىشاهنى ئەسىرگە ئالغان، ئارقىدىنلا قوشنى ئىشغال قىلغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 99 ـ ، 89 ـ ، 74 ـ ، 68 ـ ، 60 ـ يىللىرى بەش

قېتىم خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلار ئوتتۇرىسىدا قوشنى تالىشىش ئۇ-رۇشى بولۇپ، ئاخىرقى قېتىملىق ئۇرۇشتا قوش خەن سۇلالىسىغا قارام بولدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەهكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، قوشنى مەركىزىي هاكىمىيەتكە تەۋە قىلدى. مىلادىيە 91 ـ يىلى غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەهكىمىسى كۇسەن(كۇچا)گە كۆچتى.

327 ـ يىلى جىن سۇلالىسىنىڭ لياڭجۇدىكى باش ئەمەلدارى جاڭ گۈي ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنى قۇردى. كېيىن قوچودىكى چېرىكچى بەگ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، قوچو ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، ۋالىي تەيىنلەپ، قوچونى ساجۇ (دۇنخۇاڭ)غا تەۋە قىلدى. سىياسىي مەركەز يارغولدىن قو-چوغا يۆتكىلىپ، قوچو دەۋرى باشلاندى.

439 ـ يىلى شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى شىمالىي لياڭنى مۇنقەرز قىل-دى. ئەسلىدە شىمالىي لياڭ پادىشاھى ۋېي پادىشاھلىقىغا تەسلىم بولغان ئىدى. 2 ـ يىلى لياڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى يۈز ئۆرۈپ، تۈمەن كىشى بىلەن پىشامشانغا قېچىپ بېرىپ، كېيىن قوچونى ئىشغال قىلدى.

443 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنى «قوچو خاقانى» دەپ ئېلان قىلدى. شۇ چاغدىن باشلاپ قوچودا خانلىق بارلىققا كەلدى.

460 ـ يىلى جورجانلار قوچونى ئىشغال قىلىپ، غان بوجونى (خەنزۇچە مەنبەلەردە «كەن بوجو» دەپ ئېلىنغان، «تاڭ دەۋرىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئاهاڭ تەرجىمىسى» ناملىق كىتابتا «غان بوجو» دەپ تەرجىمە قىلىنغان) قوچوغا خاقان قىلىپ تىكلىدى. غەربىي رايوندا نۇرغۇن جايلار جورجان-لارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

487 ـ يىلى قاڭقىللار تۇرپان ئويمانلىقىدا قاڭقىل بەگلىكىنى قۇردى. (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قاڭقىللار شىمالدىكى يايلاقلاردىن كەل-گەن بولۇپ، يارغول شەهىرىدىكى قوشلار بىلەن قانداش بولۇپ هېساب-لىنىدۇ. شۇڭا يارغولدىكى «ئالدى قوش دۆلىتى» يەنە «ئالدى قاڭقىل دۆلىتى»دەپمۇ ئاتالغان) شۇنىڭدىن باشلاپ قاڭقىللار بىلەن جورجانلار

قوچونى تالىشىپ 30 يىل ئۇرۇشتى. قاڭقىللار شىمالىي ۋېي بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

491 ـ يىلى قاڭقىل خانى ئاپۇرغۇر جورجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ قوچو بىلەن پىشامشان رايونىغا بېسىپ كىرىپ، غان بوجوننىڭ ئوغلى، قوچونىڭ بېگى غان شوگوينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مىڭمىڭنى قوچوغا خان قىلىپ تىكلىدى. بۇ ئىشقا نارازى بولغان قوچو خەلقى قوزغىلىپ، جاڭ مىڭمىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مارۇنى خان قىلىپ تىكلىدى.

497 ـ يىلى جورجانلار خەلقىنىڭ مارۇغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ قوچۇنى ئىشغال قىلىپ، مارۇنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا جىنچىڭ (لەنجۇ) نىڭ يۇجۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان كۈي جىيا (خەنزۇچا مەنبەلەردە «چۈي جىيا» دەپ ئېلىنىدۇ) نى خان قىلىپ كۈي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو خانلىقىنى قۇردى.

640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن قوچوغا جازا يۈرۈش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. كۈيۋۇنتاي قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئوغلى كۈي جىشىڭ شەھەرنى بېرىپ تەسلىم بولدى.

كۈي جەمەتى خانلىقى 141 يىل داۋام قىلىپ، توققۇز ئەۋلاد، 10 پادىشاھ قوچوغا ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتتى.

تاڭ سۇلالىسى شۇ يىلى (640 ـ يىلى) قوچودا شىجۇ («ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكلىرى لۇغىتى»دە «شىجۇ»نى «ئۇيغۇرىيە» دەپ تەرجىمە قىلغان) ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، ناھىيە، يېزا، مەھەللە تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى، غەربىي ئوبلاست دائىرىسىدە بەش ناھىيە تەسىس قىلدى. تاڭ سۇلالىسى شۇ يىلى يەنە يارغول شەھىرىدە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

658 ـ يىلى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۇسەن (كۇچا) گە كۆچۈرۈلدى. بۇ مەھكىمە تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدا قوچو (تۇرپان)، كىنگىت (قارا شەھەر)، كۇسەن، سولى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)... قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى.



قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەلىكىلىرى

مىلادىيىنىڭ 866 ـ يىلى ئۇيغۇر خانى بۇقا تېگىن تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، قوچونى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تارىختىكى قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى باشلاندى.

1368 ـ يىلى جۇيۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان چاغدا، چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، تۇرپان رايونىمۇ پارچىلىنىپ تۇرپان، قوچو، لۈكچۈندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

1389 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر غوجا تەختكە چىقىپ، چاغاتاي خانلىقىنى قايتا تىكلىگەندىن كېيىن، 1393 ـ يىلى تۇرپاننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، تۇرپاندا ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇپ، بۇددا دىنىغا زەربە بەردى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىسلام دىنى تۇرپان رايونىدا كەڭ ئومۇملىشىپ، بۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇخلىسىغا ئايلاندى، ئۇلار ئۆزىنى «سۇلتان»، «غوجا» دەپ ئاتىدى.

كېيىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـ 1678) پۈتۈن شىنجاڭنى، جۈملىدىن تۇرپانىمۇ ئۆزىگە قاراتتى.

1678 ـ يىلى ئاپاق غوجا غالداننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى. تۇرپان جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىردى.

1720 ـ يىلى سوپىلار ئەۋلادى بولغان ئىمىن غوجا تۇرپاننىڭ ئەينى

ۋاقىتتىكى بېگى، جۇڭغارلارنىڭ ۋەكىلى ئەخمەت باقىبەگدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، تۇرپانغا بەگ بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان رايونىدا ئىمىن غوجا باشچىلىقىدىكى «تۇرپان غوجىلىرى (ۋاڭلىرى)»نىڭ تارىخى باشلاندى.

1759 ـ يىلى ئالتە قەلئە (پىچان، تۇرپان، لۈكچۈن، سىڭگىم، قارا قوجو، توقسۇن) بىنا قىلىندى.

1779 ـ يىلى پىچاندىكى خان ئامبىلى ئورنى تۇرپانغا كۆچۈرۈلدى.

1781 ـ يىلى تۇرپان كونا شەھەر سېلىنىپ، تۇرپان مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، گەنسۇ، ئەنشى ۋىلايىتىگە قارىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن 100 يىل ئەتراپىدا تۇرپان تىنچ ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «تىنچ زامان» يەنى «تەيپىنەمنىڭ زامانىسى»دەپ ئاتالدى. بۇ يەردىكى «تەيپىنەم» ئەسلى «تەيپۇنا» دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، تەيپۇنا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن بىرى. ئۇ 1331 ـ يىللىرى تەختكە چىققان، تىنچ، ئاسايىشلىق بىلەن يۇرت سورىغان. بۇ يەردىكى «تىنچ زامان» تەيپۇنانىڭ زامانىسىغا سىمۋول قىلىنغان.

1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدا «يەتتە شەھەر دۆلىتى» خانلىقىنى قۇردى. 1869 ـ يىلى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، 1870 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇرپاننى ئىشغال قىلدى ۋە تۇرپان يېڭىشەھەر بازىرىنى بىنا قىلدى. ياقۇپبەگ تۇرپاندا ئوغلى ھەققۇللانى تۇرغۇزدى.

1875 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زوزۇڭتاڭ قوشۇنى شىنجاڭغا كىرىپ، 1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن پىچان، تۇرپان، توقسۇننى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان دەرۋازىنى ئاچتى. ياقۇپبەگ ئالاقزادە بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كورلىدا تۇيۇقسىز ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپبەگ خانلىقى يىمىرىلدى.

1884 ـ يىلى غەربىي رايون ئۆلكىگە ئۆزگەرتىلىپ، «شىنجاڭ» دەپ ئاتالدى. بۇرۇنقى ھەربىي ھۆكۈمەت تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۇرپان يېڭىدىن قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان جاساق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بەگلىكلەر شاڭيۇلۇققا ئۆز-

گەرتىلدى، كونا شەھەر قايتىدىن سېلىندى.

1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى، 6 ـ ئايدا شىنجاڭدىمۇ جۇمھۇرىيەت يولغا قويۇلدى. لېكىن جايلاردىكى فېئودال كۈچلەرگە ھېچقانچە تېگىلمىدى. پەقەت 1913 ـ يىلى ۋازارىتى مەھكىمە ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى. ئەڭ ئاخىرقى تۇرپان غوجىسى ئىمىن ئىنانچى خانبەگ (جۇنۋاڭ) لىقتىن ۋەلىدە غوجى (چىڭۋاڭ) لىققا ئۆزگەرتىلدى.

1912 ـ يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، تۇرپاندىمۇ مويدىن خەلپە باشچىلىقىدا فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى.

1932 ـ يىلى قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ پارتلىغاندا، تۇرپاندا مۇھىتىلارنىڭ باشچىلىقىدا مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى  قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپانلىق 208  پارتىزان ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 120 نەچچە قورال ـ ياراق بىلەن نۇرغۇن جاپالىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئالغۇي ئارقىلىق ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تۇرپان پارتىزانلىرى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن «قىلىچ ئىسكادرونى» نامى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتتى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تۇرپان ئارقىلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 1 ـ دالا ئارمىيىسى 2 ـ جۈننىڭ باشلىقى گو پېڭ، ۋاڭ ئىنماۋلار قىسمىنى باشلاپ تۇرپانغا يېتىپ كەلدى ھەمدە يېڭى شەھەردە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇردى.

11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۇرپان ناھىيىلىك كومىتېتى تەشكىللىنىپ، دېڭ ۋېنمىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ھەمدە تۇرپان

ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سەنئەت پىشۋاسى ۋە زىيالىي سىرا- جىدىن زۇپەرى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. بۇ مەز- گىلدە تۇرپاندىكى 3 ناھىيە دىخۇا (ئۈرۈمچى) ۋىلايىتىگە قارىدى. 1957 ـ يىلى ئۈرۈمچى (سابىق دىخۇا) ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى ناھىيىلىك پارتكوملار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى. 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۇرپان ناھىيىلىك مەركىزىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، لى جيايۈينى مەركىزىي ناھىيىلىك پارت- كومنىڭ شۇجىلىقىغا، تۆمۈر داۋامەتنى مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى ناھىيىلىك پارتكوملار تۇرپان مەركىزىي پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە خەلق گوڭشېلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشېنى بىرلەشكەن» تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمى- يەت ئاپپاراتى بولۇپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تەستىقى بىلەن 1969 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇرپان ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي كومىتېت، پارتىيىنىڭ يادرو گۇ- رۇپپىسى قۇرۇلۇپ، روزى تۇردى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شىن- جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتې- تىنىڭ رەھبەرلىكىگە، پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1975 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گوۋۇ- يۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپان ۋىلايىتى كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيە- لىرىنى ۋىلايەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. 1985 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىسى شەھەرگە ئۆزگەرتىلدى.

# قوچو ئۇيغۇر خانلىقى



ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تام رەسىمى (قوچو خانلىقى دەۋرىگە مەن-سۇپ)، بۇ ئەسلىي تۆت پارچە ئادەم رەسىمى بولۇپ، ھېكايە خاراكتېرىنى ئالغان تەسۋىرىي رەسىمدىن ئىبارەت. رەسىمدە: ئادەمنىڭ دۇن-ياغا كېلىشى، تەربىيە ئېلىشى، ئىختىرا قىلىشى، كىشىلەرگە ياخشىلىق كەلتۈرۈشى ھەققىدىكى مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوڭ تەرەپتىكى بىر باغلام ئوت، بىر باغلام يىپ، سۇ قاچىلان-غان بىر كۈپ، بىر ۋاراق قەغەز يۇقىرىدىكى مەزمۇنغا سىمۋول قىلىنغان.

تۇرپان تارىخى ئۇستى-دە سۆزلەشكە توغرا كەل-گەندە «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» ھەققىدە ئالاھى-دە توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خان-لىق تارىختا 500 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىنىي مەركىزىگە ئايلانغان. تېررىتورىيىسى مىسلىسىز كېڭىيىپ، زور تەرەققى-ياتلارغا ئېرىشكەن. ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان.

مىلادىيىنىڭ 552 ـ يىلى كۆكتۈرك قەبىلىسىنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان ئاشىنا تۈمەن ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆتۈ-كەن تاغلىرى(ھازىرقى خانگاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي تارمىقى) باغرىدا كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇردى، ئۆزىنى «ئېل قاغان» دەپ ئاتىدى. تۈرك

تىلىدا يېزىلغان قەدىمكى مەڭگۈ تاشلاردا ئاشىنا تۇمەن «بۇمىن قاغان»، ئۇنىڭ قۇرغان دۆلىتى «كۆكتۈرك»خانلىقى دەپ ئاتالدى. «كۆك»دېگەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى شامان دىنى ئېتىقادى بويىچە كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مىلادىيىنىڭ 583 ـ يىلى كۆك تۈرك خاقانلىقى «شەرقىي تۈرك خانلىقى» ۋە «غەربىي تۈرك خانلىقى»غا بۆلۈندى. تاڭ سۇلالىسى مىلادىيىنىڭ 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى، مىلادىيىنىڭ 646 ـ يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن سىر تاردۇش خانلىقىنى، 659 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقىنى غۇلاتتى. مىلادىيىنىڭ 679 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئەۋلادى بولغان قۇتلۇق قاغان ئۆتۈكەندىكى تاغتۇراسىنى بېسىۋېلىپ، «كېيىنكى تۈرك خانلىقى»نى قۇردى، ئۆزىنى «ئىلتەرىش قاغان» دەپ ئاتىدى. قۇتلۇق ئىلتەرىش قاغان ۋە كېيىن تەختكە چىققان مويۇنچۇر قاغان (تارىختا «قاپاغان قاغان»دەپ ئاتالغان)، بۆگۈ قاغان (تارىختا «بىلگە قاغان»دەپ ئاتالغان)لار دانىشمەن مەسلىھەتچىسى تۇنيۇقۇقنىڭ ياردىمى ئاستىدا تېز قۇدرەت تېپىپ، ناھايىتى كەڭ زېمىننى ئىگىلىدى. مىلادىيىنىڭ 745 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى كۆلبىلگە قاغان (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېغىر بۆلۈنۈش، نىزالارغا خاتىمە بېرىپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىدى. مىلادىيىنىڭ 840 ـ يىلى بۇ خانلىق ئېغىر ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 3 تارماققا بۆلۈنۈپ، غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى خېشى كارىدورىغا(ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چېگرىسى)گە كىرىپ، «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى»(870 ـ 1030 ـ يىللار)نى قۇردى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۇگۇ مىللىتى(سېرىق ئۇيغۇر)ئەينى ۋاقىتتىكى خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى تەڭرىتاغ ئەتراپى يەنى ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى تەۋەسىگە كىرىپ، قۇدرەتلىك قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. 3 ـ تارمىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىگە كىرىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، «قاراخانىيلار خانلىقى»نى قۇردى.



تارىخىي مەنبەلەردە «تۇرپانغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 20 تۈمەن ئەتراپىدا، ئۇلارنىڭ باشلىقى مەڭلىك تېگىن (بىر قىسىم مەنبەلەردە «پان تېگىن» دەپ ئېلىنغان)»دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. كېيىن بۇقا تېگىن ( بىر قىسىم مەنبەلەردە «بۆكۈ تېگىن» دەپ ئېلىنغان) نىڭ نامى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئېمىلا بولمىسۇن ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىن ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىگە كېلىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار دەسلەپتە بېشبالىق (هازىرقى جىمسار)نى مەركەز قىلىپ، مەڭلىك تېگىن ۋە بۇقا تېگىننىڭ باشچىلىقىدا تۇبۇتلەر بىلەن 20 يىلغا يېقىن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى شىمالىي شىنجاڭدىن، كېيىن تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقارغان. مىلادىيىنىڭ 866 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قوچو شەھىرىنى قىشلىق پايتەخت، بېشبالىقنى يازلىق پايتەخت قىلغان. تۇنجى خاقان بۇقا تېگىن بولغان.

ئەلۋەتتە تۇرپان دىيارىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان هالدا سوغدىلار، تۇخارلار، خەنزۇلار ۋە باشقا تۈركىي قەۋملىرى ياشاپ كەلگەن بولغاچقا، ئورقۇن دەرياسى بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن ئاسانلا سىڭىشىپ، ئورتاق بىر گەۋدىنى شەكىللەندۇرگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوچو خاقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ نامىنى «ئىدىقۇت»دېگەن چىرايلىق ئۇنۋان بىلەن ئاتىدى. شۇڭلاشقا بۇ خانلىق باشقىلار تەرىپىدىن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دەپمۇ ئاتالدى.

ئىدىقۇت (يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «دەقيانۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسلى 7 ـ ئەسىردە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئالتۇنبالىق (ـ جىمسار) تەرەپلەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ نامى ئىدى. كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىرى «ئىدىقۇت»نى ئۆزلىرىگە نام قىلىش بىلەن ئۇنى ياد ئەتكەن. «ئىدىقۇت»نىڭ مەنىسى «بەخت ئىگىسى»، «مۇقەددەس» دېگەنلىكتۇر. قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن قوچو شەھىرى «ئىدىقۇت شەھىرى»دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى



ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قوچو» سۆزىنى ئالاھىدە ئىزاھلىغان، بۇنىڭدىن «قوچو» نامىنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئىدىقۇت» نامى بولسا كېيىنكى دەۋرلەردىن باشلاپ قوللىنىلغان).

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئالاقە باغلىدى، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ مەلىكىسىنى قوچو خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتلىرىغا ياتلىق قىلدى. مىلادىيىنىڭ 960 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مەركىزىي خانلىق قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يەنىمۇ قويۇقلاشتى. مىلادىيىنىڭ 981 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ئارسلانخان سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئارسلانخاننىڭ ئىپادىسىگە قاراپ، سۇڭ سۇلالىسىمۇ ۋاڭ يەندېنى قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ۋاڭ يەندې قوچو ئېلىدا بىر قانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن مىلادىيىنىڭ 985 ـ يىلى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە قايتىپ كېتىپ، «قوچودا ئەلچىلىك خاتىرىسى»ناملىق مەشھۇر ساياھەت خاتىرىسىنى يازدى. بۇ كىتاب كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر دەۋرىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت بولۇپ قالدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپتە زېمىنى شەرقتە باركۆل، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەربتە قاراشەھەرنىڭ غەربى، جەنۇبىدا قۇرۇقتاغ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خانلىقنىڭ زېمىنى غەربتە ھازىرقى كۇچانىڭ غەربىگە، شەرقتە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاجۇ رايونى دائىرىسىگە سوزۇلغان ئىدى. مىلادىيە 950 ـ يىللىرى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرغان «قاراخانىلار خانلىقى»قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى. قاراخانىلارنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن مەنىۋى ئۇستازى

ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇل پەتتاھ (ئۇ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «ئالىپ تېگىن» يەنى «قەھرىمان شاھزادە»دەپ ئاتالغان) باشچىلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولدى. قوچو ئۇيغۇر قوشۇنى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، قارشى تەرەپنى يەڭدى. مىلادىيە 961 ـ يىلى ئالىپ تېگىن قوچوغا قىلغان يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدا پىستىرمىغا ئۇچراپ، بوغدا تېغى ئەتراپىدا شېھىت بولدى (ئۇنىڭ جەسىتى كېيىن تۇرپان ئاستانىگە ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلىنىپ، «ئەلپەتتاھ غوجا مازىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى). مىلادىيە 1133 ـ يىلى بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراقىتان خانلىقى قۇرۇلدى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قىتانلارغا قارام بولدى. مىلادىيە 1204 ـ يىلى شىمالىي قۇملۇقتىكى يايلاقتا كۆچەيگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى تېمۇچىن ئۆزىنى «چىڭگىزخان» (ئالەمنىڭ قاغانى) دەپ ئاتاپ، كۈچلۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. مىلادىيىنىڭ 1209 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېگىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قاراقورۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى. 1211 ـ يىلى بارچۇق ئارت تېگىننىڭ ئۆزى قارا قورۇم شەھىرىگە كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. چىڭگىزخان ئۆز قىزى ئالتان بېيكەنى بارچۇققا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بەشىنچى ئوغلى دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بارچۇق ئارت تېگىن دەۋرىدە قوچو ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا زور رول ئوينىغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىكەنت، خارەزىم، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە ئىراندىكى مەرۋى، نىشاپۇر شەھەرلىرىنى ئېلىشتا، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېگىننىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تامامەن ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلدى. شۇڭلاشقا چىڭگىزخان ئۇلارنى «ئىنتىزامى ناھايىتى كۈچلۈك، تەگدىشى يوق بىر قوشۇن بولۇپ، بىزگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى»دەپ باھا بەرگەنىدى. مىلادىيىنىڭ 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق زېمىنلارنى جۇجى، چاغاتاي، ئوكتاي ۋە تولى قاتارلىق تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندە،

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قا-
راشلىق ئالاھىدە بىر رايون قىلىپ بېكىتىلىپ، قوچو ئىدىقۇتلىرى ئۆز
ئورنى، ھوقۇقى، سىياسىي، ئىقتىسادى، ھەربىي تۈزۈملىرىنى ئۆز پېتىچە
ساقلاپ قالدى. قوچو ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا
مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، بۇ سۇلالىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن زور تۆھپە
قوشتى. شۇڭا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار موڭغۇللاردىن قالسىلا،
زور ئىمتىيازغا ئىگە بىر مىللەت ئىدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن
ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئورقۇن ۋە سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان دەۋرىدە،
ھەتتا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارغا ئىگە
بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋى-
چىلىق تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلى-
كى، قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنى ئاساس قىلغان پاترىئارخاللىق فېئوداللىق تۈ-
زۈمدىن يېزا ۋە مەھەللىۋى مۇناسىۋەتلەرنى، شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان
يېڭى فېئودالىق تۈزۈمگە ئۆتكەنلىكىدە، شۇنداقلا يېڭى ئىجتىمائىي
تۇرمۇش، ئىدېئولوگىيە ۋە باشقا بىر مۇنچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تەڭرىتاغنى مەركەز قىلغان تۇرپان ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھۇن-
لار، باسمىللار، سارتلار، كۆك تۈركلەر، جوڭيۇنلەر ۋە خەنزۇلار بىلەن ئۇ-
زاق زامان بىللە ياشىغانلىقتىن، تۇرمۇش شەكلى، مەدەنىيەت ۋە ئىجتى-
مائىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۆزىنىڭ باشقا ماكانلارغا كۆچكەن قېرىن-
داشلىرىغا قارىغاندا، باشقىچە بىر يول بىلەن خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە
راۋاجلاندى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى تېخى كۆچ-
مەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر دەۋردە تۇرغاندا، تۇرپان ۋادىسى-
دىكى ئۇيغۇرلار نىسبەتەن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان
ئىگىلىك شەكلىدە تۇراتتى.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى
سەۋىيىگە يەتكەن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى خېلى تاكامۇللاشقان.
ھايۋان كۈچى بىلەن يەر تېرىش، ھەر خىل تۆمۈر، چويۈن ۋە ياغاچتىن
ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، سۇ تۈگمەنلىرىدىن



پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان، ۋاڭ يەندى خاتىرىسىدە «ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى چېۋەر بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ھەر خىل سايمان ۋە بۇيۇملارنى ياسايدۇ، ئاياللارنىڭ تارغاق ۋە سۈزگۈچلىرى تامامەن ئالتۇندىن ياسىلىدۇ» دەپ يازغان. يەنە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئاياللارنىڭ ھالقا ۋە باشقا زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالتۇندىن ئىشلەنگەنلىكى، بېشىغا ئارتىدىغان ياغلىق ۋە باشقا كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ زەر يىپتىن، پاختىدىن، يىپەكتىن توقۇلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلار يەنە ئات تېرىسىدىن قىزىل ۋە قارا رەڭلىك ئۆتۈكلەرنى تىكىپ كىيگەن، بۇلغۇن تېرىسىدىن ھەر خىل جۇۋىلارنى ئىشلىگەن، بولۇپمۇ پاختا ۋە يىپەكتىن ھەر خىل رەڭلىك ۋە گۈللۈك رەختلەرنى توقۇغانىدى. ئومۇمەن، بۇ چاغدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك، موزدوزلۇق، بوياقچىلىق ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە ئەرەب ئەللىرىدىمۇ داڭلىق ئېدى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەر تۇرمۇشىدا ياشايتتى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، بۇ مەزگىلدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى ھېسابلانغان تۇرپان ئويمانلىقى ۋە بۇغدا تاغلىرى ئەتراپىدا بېشبالىق، قاراغوجا، يارغول، لۈكچۈن، پىچان، تەڭرىتاغ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ چاغدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، ئاساسەن ئات، تۆگە، خېچىر، ئېشەك قاتارلىق چارۋا ماللار؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى؛ پاختا، يىپەك، رەڭلىك مېتال بۇيۇملار (بولۇپمۇ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈر)، مېۋە - چېۋە، نۆشۈدۈر، تۇز، خۇشبۇي ماتېرىياللار، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، دورا - دەرمەك ھەم كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنىڭ سودىسى قىلىناتتى. ئۇلار سۇڭ سۇلالىسى قاتارلىق ئوتتۇرا جۇڭگو خانلىقلىرى، ئەرەب مەملىكەتلىرى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلار بىلەن كەڭ كۆلەملىك سودا - سېتىق ئىش-



لىرىنى ئېلىپ باراتتى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خاقان قۇبلاي مىلاد-
يىنىڭ 1280 ـ يىلى قارا قوچودا پۇل قۇيۇش كارخانىسى قۇرغانلىقى، مى-
لادىيىنىڭ 1283 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆت جايدا پۇل ساق-
لاش خەزىنىسى تەسىس قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بەزى ئارخېئولوگ-
يىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا يەنە قوچودا ئىران ھەم ۋى-
زانتىيە پۇللىرىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە
بولغان.

840 ـ يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئاساسەن سوغدى يېزىقىغا ئاساس-
لىنىپ ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ يېزىق
يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، قىپچاق خانلىقى ۋە ئورال ئوغۇزلىرىنىڭ ئىچىگىمۇ
تارقالغانلىقى ئۈچۈن، يەنە «توققۇز ئوغۇز يېزىقى» دېگەنناملار بىلەنمۇ
ئاتالغان، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالىمى سېكقۇسەلى بۇ يېزىقنى يەنە
«تۈرك ـ ئۇيغۇر يېزىقى» دەپمۇ ئاتىغان، بۇ يېزىق ئاساسەن 23 — 19
ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، بەزىدە ئوڭدىن سولغا قا-
رىتىپ يېزىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەسەرلەر، ئاسا-
سەن بۇددا، مانى ۋە نېستورى دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرى، ھەر خىل مەزمۇن
ۋە شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، شۇنداقلا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرگەن ھۆججەت ـ ۋە-
سىقىلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مىلادىيىنىڭ 4 ـ ئەسىردە كۇ-
چالىق كۇماراجىۋا تەرىپىدىن ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا
تەرجىمە قىلىنىپ، كېيىنچە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يەنە ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىنغان 28 پەردىلىك دراما «مائىترى سىمىت»، «قۋانشىن
پۇسار» (قۋانشىن ئەۋلىيانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى)، بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ
دەسلەپكى ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان «ئاغاماسۇترا» (ئاغاما ئەقىدىلى-
رى)، «سۇۋار ناپرا باسۇتتا ماسۇترا» (ئالتۇن يارۇق)، «ئىككى تېگىن
ھېكايىسى»، «سامتسو ئاچارى تەزكىرىسى» قاتارلىق بۇددا دۇنياسىدا
داڭلىق ئەسەرلەر ھەم مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان مەشھۇر

ئەسەرلەر بار.

مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر يېزىقى يەنە موڭغۇللار ئىچىگە تارقالدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، تاتاتوڭا تەزكىرىسى»دە «ئۇيغۇرلاردىن چىققان تاتاتوڭا دېگەن ئادەم ناھايىتى ئەقىللىق ۋە سۆزمەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ يېزىقىنى ناھايىتى پۇختا بىلەتتى... تەيزۇ (چىڭگىزخان) ئۇنىڭغا ئۆز ئوغۇللىرى ۋە باشقا موڭغۇل ۋاڭلىرىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە يارلىق بەرگەنىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يېزىق موڭغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىقى بولۇپ قالدى» دېگەن مەلۇمات بار. ئومۇمەن ھازىرقى موڭغۇل يېزىقى ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، كېيىنچە بۇ يېزىق يەنە مانجۇ، شىبەلەرنىڭ ئىچىگە تارقالغان.

ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ناھايىتى ئۇزاق زامان قوللىنىلغان بىر خىل يېزىق بولۇپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇ يېزىقنى مىلادىيە 17 ـ ئەسىرگىچە (قوچو خانلىق ئاغدۇرۇلۇپ ئۈچ ئەسىر كېيىن) قوللانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا يېزىپ قالدۇرغان «قوچو دىۋانخانىسىنىڭ خەت ـ چەكلىرى» ناملىق ئەسىرى ھازىر ناھايىتى مەشھۇر.

يەنە بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قوچو رايونىدىن ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق «17 خىل يېزىقنىڭ ئەۋرىشكىلىرى تېپىلغان. بۇ يېزىقلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخىدا ئىشلەتكەن يېزىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى سۇرىيە، ئىران، ئەنەتكەك (سانسكرىت)، خەنزۇ، يۇنان (گرېتسىيە)، توخار (كۇچا ۋە قاراشەھەر يېزىقى) ۋە تۈرك يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار بار. ئۇلار بەزىدە تۆت ـ بەش خىل يېزىقنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر يېزىق سۈپىتىدە ئىشلەتكەن». شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قوچو ئۇيغۇرلىرى يەنە ياغاچ مەتبەئە بىلەن مىخ مەتبەئەدە ھەر خىل ئەسەرلەرنى، يارلىق ۋە ھۆججەتلەرنى باسقان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، رەسساملىق ۋە نەققاشلىق ناھايىتى راۋاجلانغان. بۇ چاغدا سىزىلغان ۋە ئويۇلغان رەسىملەر ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەر خىل تېمىلاردىكى رەسىملەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەرلىرى بىلەن ئاياللىرىنىڭ، كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ رەسىملىرى، شۇنداقلا دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار،

ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ ئېھتىياجىدىن تەرەققىي قىلغان رەسساملىق ئاساسەن بېزەكلىك غارلىرىدا ئەكس ئەتكەن. رەسساملار قوچو ئېلى دەۋرىدە مىڭ بۇددا رەسىملىرى، بۇددا دىنىغا ئائىت رىۋايەت، چۆچەكلەر مەزمۇنىنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، پورتېرت تەسۋىرى، شەكىل يارىتىش، نەقىش تۇزەش، رەڭ بېرىش، بوياش جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

قوچو ئۇيغۇرلىرى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئەنئەنىۋى شامان دىنىغا ۋە كېيىنچە تارقالغان مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن، نىستورى دىنى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. مىلادىيىنىڭ 1393 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى موغۇلىستان خانلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

قوچۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى چېگرىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ چاغدا پەقەت قارا قوچو شەھىرىدىلا 50 تىن ئارتۇق ساڭرام («ساڭرام» ھىندى تىلىكى ئاتالغۇ بولۇپ، سەل چوڭراق، دەرىجىسى يۇقىرىراق بۇتخانىلارنى كۆرسىتىدۇ) بار ئىدى. ساڭراملارغا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك بۇتلارنى قويغانىدى. قارا قوچو ۋە بېشبالىق شەھىرىدە ھەر خىل بۇددا دىنى ئوقۇش يۇرتلىرى ۋە باشقا ئىبادەتخانىلار بار ئىدى. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى، تاڭغۇت ۋە قىتان خانلىقلىرىدىن نۇرغۇن بۇددا روھانىيلىرى قوچوغا كېلىپ زىيارەت قىلاتتى ياكى بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنەتتى. بۇ دەۋردە بۇددا دىنى مۇھىتىدا ئاجايىپ تالانتلىق شائىر، ئەدىب، مائارىپچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئاجايىپ يۈكسەك بولغان ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

قوچو ئۇيغۇرلىرى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىق بىلەن يەرلىك سەنئەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىگە خاس بولغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپ راۋاجلاندۇرغانىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆزىگە خاس گىرىم فورمۇلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، نومۇر ـ كونسېرتلىرى



بولغان مۇستەقىل سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ئۆمەكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغىچە بېرىپ ئويۇن قويغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىغا خاس ئۇسسۇللاردىن «گۈل پانۇس ئۇسسۇلى»، «تاقلىما ئۇسسۇل»، «باتۇر ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى»، «نازىركوم» ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار غۇڭقا، پىپا(بەرباپ)، راباپ، بالىمان، يالغۇزەك (نەي)، شياۋ، داپ، جىلۇ دېپى، يان دۇمبىقى، دالا ناغرىسى قاتارلىق چالغۇلارنى ئىشلەتكەن ئىدى. ۋاڭ يەندې ئۆز خاتىرىسىدە «قوچو ئۇيغۇرلىرى ھەر قاچان سازنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ، ھەتتا ئاتلىق ماڭغاندىمۇ سازنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن ئىدى.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنى مىلادى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇش بېسىمى ئارقىلىق قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىغا تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا بۇ دىنىنىڭ تەرەپدارلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. لېكىن، مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگە يەتكەندە، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۆز ئالدىغا بىر مەزھەپنى تەشكىل قىلغان. قوچو ئۇيغۇرلىرى پەقەت خانلىق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى.

مەڭلىك تېگىن ۋە بۇقا تېگىنلەرنىڭ ئورقۇن دەريا بويىدىن بېشبالىققا كۆچۈپ كەلگەن 850 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندا خىزىرخوجا باشچىلىقىدىكى ئىسلام غازاتچىلىرى قوچو زېمىنىنى تەلتۆكۈس پەتىھ قىلغان 1393 ـ يىلىغا قەدەر 543 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى 856 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خانلىق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى، 866 ـ يىلى تۇبۇتلەر تارىم ۋادىسىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىلدى. 1130 ـ يىللاردا قىتانلارغا قارام بولدى. 1209 ـ يىلىدىن باشلاپ موڭغۇل خانى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى (بىراق چىڭگىزخان پەقەت نازارەتچىلا تۇرغۇزۇپ، ئىچكى ئىشلارنى يەنىلا ئۇيغۇر خانلىرى باشقۇردى). مىلادى 1275 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن قايدۇ بىلەن دۇۋا تىل بىرىكتۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، 12 تۈمەن كىشلىك قوشۇن بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قوچو



شەھىرىگە ۋە خانلىقنىڭ ھەربىي قورغىنى يارغول شەھىرىگە بىرلا ۋاقىتتا باستۇرۇپ كەلدى ۋە بۇ ئىككى شەھەرنى يېرىم يىلدەك مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ توپىلاڭ تۇرپان ۋادىسىغا زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. قۇمۇلغا چېكىنگەن ئىدىقۇت خان قوچقار تېكىن جەڭدە قۇربان بولدى، ئوغلى نۇرىن تېكىن ئاھالىلەرنى باشلاپ، گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ قەلئەسىگە كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش 40 يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ، يارغول، قوچو شەھەرلىرى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ۋەيران بولدى. كېيىن نۇرىن تېكىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالدى. مىلادىيىنىڭ 1360 ـ يىللىرى چاغاتاي نەسەبىدىكى ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇرپان ۋادىسىغا باستۇرۇپ كېلىپ تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. تۇغلۇق تۆمۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى يەنە مۇستەقىل بولۇۋالدى. 1393 ـ يىلى خىزىرخان خوجا تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئىدىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، لەشكەرلەرنى ئەسىر ئالدى، مۇسۇلمان بولۇشقا كۆنمىگەنلەرنى دارغا ئاستى. زورلۇق ئىشلىتىپ، تۇرپان ۋادىسىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى. شەھەردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنى ئۇرۇپ چاقتى. ئەلۋەتتە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار، راھىبلار ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، يۇزلەپ، مىڭلاپ ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاستانە شەھىرى يەنە بىر قېتىم ۋەيران بولدى. قوچو زېمىنىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن قوچو ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.



قوچودىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بېغىشلىما يېزىلغان كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ بىر پارچىسى



# تۇرپان غوجىلىرى



تۇرپان غوجىلىقىنىڭ ئاخىرقى غوجا (ۋاڭ) لىرىدىن مۇھەممەد سەئىد غوجا (مەنسايىت ۋاڭ) (ئوڭدا) ۋە ئىسكەندەر غوجا (سولدا)

تۇرپان(ۋاڭ) غوجىلىرى («تەزكىرەئىي ئەزىزان» قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلەردە «غوجا» ئاتالغۇسى قوللىنىلغان، شۇڭا «غوجا» دەپ ئېلىندى) تۇرپاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە يۈكسەك ئىمتىيازىغا مۇيەسسەر بولغان، 200 نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە تۇرپان ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن مەركىزىي شەھەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە كۆرسەتكەن مەشھۇر تەبىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىمىن غوجىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۆزلىرىگە سادىق بولۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پادىشاھ چيەنلۇڭ نامىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەسلىدىكى جاساق تۈزۈمىنى ۋاڭلىق (غوجىلىق) دەرىجىسىگە كۆتۈردى ھەم مىلادىيە 1758 ـ يىلى تۇرپان (لۈكچۈن) ۋاڭلىق (غوجىلىقى) ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. غوجىلىققا تەۋە بولغان يەرلەرنى ئىمىن غوجىغا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا باشقۇرىدىغان سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئىمىن غوجا قەشقەر، يەكەنگە ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىمۇ تۇرپان غوجىلىقى ئىمىن غوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان، موسا قاتارلىقلار باشقۇرۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن غوجا تۇرپان دىيارىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي ئىمتىيازىدىن ۋە يەرلىك



ھاكىمىيەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولدى.
ئىمىن غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، ئالتە ئەۋلادتىن 13 كىشى 1758 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇرپان غوجىلىقىدا 153 يىل سەلتەنەت سۈردى. 1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە 38 يىل ئاتاق غوجا بولۇپ تۇردى. ئىمىن غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن لۈكچۈندە ھاكىمبەگ بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرنى 1720 ـ يىلى ئەخمەدباقى بەگدىن لۈكچۈننىڭ ھاكىمبەگلىكىنى تارتىۋالغان مەزگىلىدىن باشلاپ، 1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇرپان ـ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە جىن شۇرېن تەشكىللىگەن ئاق گىۋاردىيىچى قاچاق روس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۇردىغا ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن مەزگىلگىچە ھېسابلىغاندا ئىمىن غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرپان دىيارى بولۇپمۇ لۈكچۈن شەھىرىگە 211 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئىمىن غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن لۈكچۈن شەھىرى ئەتراپىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشقا يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تۇرپان، توقسۇن، ئۈچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن، ئىلى قاتارلىق شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوندىن ئارتۇق ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كۆپ قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، بىر قانچە خاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، يۇقىرى مەرتىۋە، ئېسىل سوۋغات، مال ـ دۇنيا بىلەن تارتۇقلاندى. نام ـ شەرەپلىرى تارىخىي خاتىرىلەرگە كىرگۈزۈلدى.
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىمىن غوجا ۋە تۇرپان غوجىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئىمىن غوجا ۋە تۇرپان غوجىلىقى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئىمىن غوجىنىڭ تۆھپىسى جۇڭگو تارىخى سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.
ئىمىن غوجا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپان رايونىغا بەزى مەمۇرىي ھەربىي تەدبىرلەرنى قوللاندى. مىلادىيىنىڭ

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن غوجىنىڭ غوجىلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تۇرپان رايونىدا ئالتە شەھەر تەسىس قىلدى. بۇلار: پىچان، تۇرپان، لۈكچۈن، سىڭگىم، قاراغوجا، توقسۇندىن ئىبارەت ھەمدە پىچاندا مەخسۇس خان ئامبال تەسىس قىلدى.

ئىمىن غوجا ئۆز تارىخىدىكى سەلتەنەت سۈرگەن ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىمىن سوفى، ئىمىن ھاكىمبەگ، ئىمىن ۋاڭ، ئىمىن تۆرە قاتارلىقناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. ئىمىن غوجىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى تۇرپان ئاستانە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى نىياز غوجا، بوۋىسى سوفى غوجىلار ئاپئاق غوجا دەۋرىدىكى غوجىلار نەسەبىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىمىن غوجا تۇرپان غوجىلىقىغا ئولتۇرۇپ، 15 يىلدىن كېيىن يېشى-نىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سالامەتلىكى ناچارلاشتى ھەم ۋاڭلىق ئىش-لىرىنى باشقۇرۇشقا ئوغلى سۇلايماننى ۋەلى ئەھدى قىلدى. ئىمىن غوجا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ھىممىتىنىڭ خاتىرىسى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە تۇرپانغا بىر مۇنار سالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يانداش قىلىپ بىر مەدرىسە سالدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، بۇ ئىشنى ئوغلى سۇلايمانغا تاپشۇردى. ئىمىن غوجا 1777 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىمىن غوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سۇلايمان غوجا (1777 ـ يىلدىن 1779 ـ يىلىغىچە)، ئىسكەندەر غوجا (1779 ـ يىلدىن 1811 ـ يىلىغىچە)، يۇنۇس غوجا (1811 ـ يىلدىن 1814 ـ يىلىغىچە)، پەرد-دۇن غوجا (1814 ـ يىلدىن 1815 ـ يىلىغىچە)، مۇھەممەت سەئىد غوجا (1815 ـ يىلدىن 1827 ـ يىلىغىچە)، ئەفرىدون غوجا (1827 ـ يىلدىن 1873 ـ يىلىغىچە)، سۇلتان ماموت غوجا (1881 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلىغىچە)، ئىمىن غوجا (1990 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلىغىچە)لار سەلتەنەت سۈردى. بۇ ئارىلىقتا 1911 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 1933 ـ يى-لىغىچە غوجا جەمەتلىرى ئاتاق غوجا بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق بولمىدى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇرپان ـ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە تۇرپان غوجىلىقىنىڭ تەختى بولغان لۈكچۈن غوجا ئوردىسى (ئېگىز

ئوردا) شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئىمىن غوجىنىڭ ئەۋلادى ئىمىن غوجىمۇ (ساراڭ ۋاڭ دېيىلىدۇ) ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلدى. 1933 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغىچە ئىمىن غوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت سىيىت غوجا (مەتسايىت ۋاڭ دېيىلىدۇ) ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان ئاتاق غوجا بولۇپ ئۆتتى.

ئىمىن غوجىنىڭ نۇرمۇھەممەت غوجا، سۇلايمان غوجا، موسا غوجا، غۇلام غوجا، ئىسرائىل غوجا، ئىسكەندەر غوجا، پەرىدون غوجا، بەھرام غوجا قاتارلىق سەككىز ئوغلى بولۇپ، ئىمىن غوجىنىڭ بۇ ئوغۇللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەر قايسى دەۋرلەردە لۈكچۈن غوجىلىقىدا ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقان ئىدى. ئىمىن غوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىسكەندەر بىلەن يۇنۇس ۋە نەۋرىسى مۇھەممەت سەئىد، ئەۋرىلىرىدىن زوھۇررىددىن، ئەفرىدىن قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ ئاخىر (1772 ـ يىلىدىن 1865 ـ يىلىغىچە) قەشقەر ۋە يەكەندە ھاكىمبەگلىك ئورۇندا ئولتۇرغان. يەنە باشقا ئوغۇللاردىن موسا گۇڭ بىلەن غولام غوجا (غۇلجىدا ئۆزلەشكەن ئىسمى «ئورادزىپ»)نىڭ بالا، نەۋرە، چەۋرە، كۆك نەۋرىلىرىدىن مىلىكزاد گۇڭ، خوشنىزاد گۇڭ، خالزادخان تەيجى، مەزەمزاد تەيجى، ئىلياسخان تەيجى... (1769 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە) قاتارلىقلار ئىلى رايونىدا ھاكىمبەگلىك تەختىدە ئولتۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن غوجا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋەيران بولغان ئېگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 1761 ـ يىلى تورپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 30 مىڭ ئەتراپىدا بولغان. 1886 ـ يىلى تورپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 41 مىڭ 704 كە، 1908 ـ يىلى 58 مىڭ 922 گە، 1928 ـ يىلى 84 مىڭ 144 كە يەتكەن.





ئىمىن غوجا 1763 ـ يىللار ئەتراپىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان مەشھۇر «لۈكچۈن خانلىق مەدرىسى»نى ۋە «ئىگىز ئوردا»نى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇردى. «خانلىق مەدرىسى» كېيىن كىشىلەر-نىڭ ئۈزلۈكسىز ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە گۈللەپ ياشنىدى. بىراق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندە مەدرىسە پۈتۈنلەي خاراب قىلىۋېتىلدى. ئۇزۇن يىللار مابەينىدە يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن «-لۈكچۈن خانلىق مەدرىسى»دە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ئەخ-مەت غوجامنىياز قىسسۇرى باش مۇددەرىس بولغان، مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمدار زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ، مۇھەممەت سەئىد غوجا، ئەفرىدۇن غوجا، داڭلىق شائىر موللا مۇھەممەت نىيازى، قىزىقچى، ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئا-لىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى موللا زەيدىن، ئىنقىلابچى، جامائەت ئەربابى، شائىر نەمەت خەلپەت، خەلق قىزىقچىسى نايخان قاتارلىقلار ئو-قۇپ يېتىشىپ چىققان. ئىمىن غوجا ئۆزى مەرىپەتپەرۋەر، خۇداگۆي كىشى بولغاچقا، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەفرىدۇن غوجا دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپان غوجىلىقى راسا گۈللەنگەن، ئوردىدا مەخسۇس كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ، كىتابلارنىڭ سانى نەچچە مىڭ پارچىغا يەتكەن.

1933 ـ يىلى شىڭ شىسەي لۈكچۈندىكى «ئىگىز ئوردا»نى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن-دە، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان توپلانغان قىممەتلىك كىتاب-لار، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كۆيۈپ كۈلگە ئاي-لانغان.



تۇرپان غوجىلىرى قەبرىستانلىقى

# «تۇرپان» نامى توغرىسىدا

«تۇرپان» دېگەن بۇ نام قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەردە ۋە ئوخشىمىغان سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەردە تۇرپاننىڭ نامى «غۇز»، «قۇس»، «قاگقىل»، «قوچو»، «ئۇيغۇر»، «قۇتچۇر»، «يارقۇت»، «دەقيانۇس»، «دوربان»، «ئىدىقۇت» دېگەندەك شەكىللەردە ئۇچرايدۇ.

تۇرپان — ئەڭ دەسلەپتە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە مۇشۇ رايوندا ياشىغان خەلق «قۇسلار»نىڭ نامى بىلەن « 车师 » ياكى « 姑师 » (قوش) دەپ خاتىرىلەنگەن.

تۇرپان «قوش» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىرگە يەنە «قوچو» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، بۇ نام غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «قوچو قۇسلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىز، سىپىللىرى ھەيۋەتلىك، خەلقى باياشاد بولغاچقا، 高昌 يەنى ‹قوچو› دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن.

بەزى مەنبەلەردە يەنە تۇرپاننى «غەربىي ئايماق» يەنى «شىجۇ» دەپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنى «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىغان.

قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ نامى «ئۇيغۇرىيە» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. «قوچو» ئاتالغۇسى خەنزۇچە مەنبەلەردە يەنە، «قوشو»، «قوشاڭ»، «گاۋ چاڭ» دېگەندەك شەكىللەردە ئىشلىتىلىپ، «گاۋچاڭ» دېگەن نام «قوچو» نى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى كەڭ زې-



مىنغا ئىگە كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغاچقا، ئىلگىرىكى «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى»دېگەن نامدىكى «ئۇلۇغ» دېگەن سۆزگە مەنىداش كېلىدىغان، «ئۇلۇغ، بۈيۈك، ئالىي، كەڭ، چوڭ»... دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» سۆزى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىپ، «قارا قوچو» (ئۇلۇغ قوچو) ياكى «قاراغوجا» دەپ ئاتىلغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا يۈەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى «ئۇلۇغ قوچو ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتنى يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە «قارا قوچو»، «قارا خوجا» ياكى «قارا غوجا» دېگەندەك ناملاردا ئاتىلغان.

«تۇرپان» دېگەن بۇ نام تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھارپىسىدا خاتىرىگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم. ئەمەلىيەتتە «تۇرپان» دېگەن بۇ ئىسىم مىلادىيە 8  9 ـ ئەسىرلەردىلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان.


«بۇددانىڭ ئۆزگىرىش قىسسىلىرى»، قوچو ئۇيغۇر دەۋرىگە مەنسۇپ، گېرمانىيىلىك فون لېكوك بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن

«تۇرپان» دېگەن سۆزنى «تۇر» (قەلئە، نىشان، شەھەر، دۆلەت) دېگەن سۆز بىلەن «پان» (بۈيۈك، ئۇلۇغ، چوڭ) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن «بۈيۈك قەلئە»، «چوڭ شەھەر»، «ئۇلۇغ دۆلەت» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن.

پىچان ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي خەرىتىسى



# پىچان

پىچان ناھىيىسى — تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىن غەربىي چېگرىسىغىچە ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 190 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 253 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە يەر كۆلىمى جەھەتتە ئەڭ چوڭ ئورۇندا تۇرىدۇ.

پىچان ناھىيىسى شەرقتە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇمۇل شەھىرى بىلەن، غەربتە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تۇرپان شەھىرى بىلەن، شىمالدا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبتا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان تارىم ئويمانلىقىدىكى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

يەر شەكلى جەھەتتە شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇن، شەرقتىن غەربكە كەڭ بولۇپ، ناھىيىنىڭ شىمالىنى تەڭرىتاغ سىستېمىسى، جەنۇبىنى چۆلتاغ سىستېمىسى، شەرقىنى قۇمتاغ، غەربىنى ئايدىڭكۆل ئوراپ تۇرىدۇ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەن ئىدىقۇت تاغ تىزمىسى پىچاننى تاغ ئۈستى ۋە تاغ ئاستىدىن ئىبارەت ھاۋا كىلىماتى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى تەبىئىي رايونغا ئايرىپ تۇرىدۇ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %97.62 نى تاغلار، تەبىئىي ئورمانلار، چاتقاللىقلار، قۇملۇقلار ۋە شورلۇق يەرلەر ئىگىلەيدۇ. ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوز يەر كۆلىمى 910 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %1.59 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر پايدىلىنىۋاتقان بوستانلىق يەر كۆلىمى 470 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ % 0.79 نى ئىگىلەيدۇ.

پىچاننىڭ ئىقلىم ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە بولۇپ، ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش پەسىللىرى ئىبارەت تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن.

پىچان بازىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى تاشيول مۇساپىسى بويىچە 280 كىلومېتىر، تۇرپان شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تاشيول مۇساپىسى بويىچە 90 كىلومېتىر كېلىدۇ.

312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى، لەنجو ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى، پىچان ھەربىي مەشىق ئايرودرومى، ئاسىيا نۇركابىل لىنىيىسى، كورلا ـ پىچان نېفىت ئاققۇزۇش لىنىيىسى، پىچان ـ ئۈرۈمچى تەبىئىي گاز ئۆزىتىش لىنىيىسى قاتارلىق قاتناش ـ ئالاقە، نېفىت، تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش لىنىيىلىرى پىچان تەۋەسىدىن ئۆتكەنلىكى ھەم بۇ يەرگە مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. ئەڭ مۇھىمى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى پىچانغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا پىچان نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، كۆمۈر، تۆمۈر، تۇز، سىرابلىت، مەرمەر تاش قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە ئۈزۈم، قوغۇن، ئۇزۇن تالالىق پاختا قاتارلىق ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تونۇلماقتا.

پىچان مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 202 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن كېيىنكى 220 ـ يىللارغىچە ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ۋە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئالدى قوش دۆلىتىنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان. شۇ مەزگىللەردە پىچاننىڭ ھازىرقى لۈكچۈن رايونىدا



غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان خۇخۇ بەگلىكى قۇرۇلغان بولۇپ، پىچاننىڭ بىر قىسمى خۇخۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنىغا تەۋە ئىدى. مىلادىيىنىڭ 221 ـ يىلىدىن كېيىن شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى دەۋرىگە كەلگەندە پىچان قوچوغا قاراشلىق شەھەر بولغان. مىلادىيىنىڭ 618 ـ يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 907 ـ يىلىغىچە بولغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پىچان تەۋەلىكى لىيۇجوڭ (ھازىرقى لۈكچۈن) ۋە فۇچاڭ (ھازىرقى پىچان) ناھىيىلىرىگە ئايرىلىپ ئىككى ناھىيە قىلىپ باشقۇرۇلغان. 960 ـ يىللاردىكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پىچان يەنە قوچوغا تەۋە شەھەر بولغان. 1368 ـ 1645 ـ يىللاردىكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپانغا قوشۇۋېتىلگەن. 1759 ـ يىلىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پىچانغا مەخسۇس خان ئامبىلى قويغان. خان ئامبىلى قويۇلغاندىن كېيىن، پىچان ئەينى مەزگىلدىكى تۇرپان رايونىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان. 1779 ـ يىلى خان ئامبىلى تۇرپانغا كۆچۈرۈلۈپ، مەمۇرىي مەركەز پىچاندىن تۇرپانغا يۆتكەلگەن. پىچانغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ پىچان چارلاش مەھكىمىسى قۇرۇلغان.

گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ (1902) يىلى پىچاندا رەسمىي ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، چارلاش مەھكىمىسى ناھىيىلىك يامۇل مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە پىچاننىڭ نامى« شەنشەن» دەپ ئاتالدى. پىچان ناھىيىسى تۇرپان رايونى بويىچە ئەڭ بۇرۇن رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ئورۇنلارنىڭ بىرى. (تۇرپان ناھىيىسى 1913 ـ يىلى، توقسۇن ناھىيىسى 1936 ـ يىلى قۇرۇلغان).

پىچان ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1902 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق نازارىتىگە تەۋە بولدى. 1913 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا (ئۈرۈمچى) مەھكىمىسىگە قاراشلىق ناھىيە بولدى. 1920 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەنجى (قارا شەھەر) مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى. 1936 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە دىخۇا (ئۈرۈمچى) ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە بولدى.



ئازادلىقتىن كېيىن پىچان ناھىيىسى 1949 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە يەنىلا دىخۇا (ئۈرۈمچى) ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە بولدى. 1958 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە بولدى. 1970 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىگە تەۋە بولدى. 1975 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولۇپ كەلمەكتە.

«پىچان» دېگەن يەر نامى قەدىمكى تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، تۈرك تىلىدا «پىچەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «پىچەن» سۆزى ئۆسۈملۈك سىستېمىسىغا تەۋە بىر خىل ئوت ـ چۆپ بولۇپ، كۆل ۋە سازلىقلاردا ئۆسىدۇ. يەرلىك خەلقلەر «پىچەن»نى ئۇيغۇر تىلىدا «يېكەن» دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى پىچاننىڭ ئورنى قەدىمىي لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي باغرىغا جايلاشقان داڭقان شەھىرىدە، يەنى ھازىرقى چىقتىم بازىرىنىڭ جەنۇبىي كۆل «نەنخۇ» دېگەن جايدا بولۇپ، بۇ يەر ئەزەلدىن تارتىپ سازلىق، يېكەنلىك جاي بولغانلىقتىن «پىچەن» دېگەن ئۆسۈملۈك نامى يەر نامىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن. كېيىنچە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ يەرلىك تىل تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «پىچەن» دېگەن يەر نامى «پىچان» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. مىلادىيىنىڭ 5 ـ ئەسىرلىرىدىكى قوچو خانلىقى دەۋرىدە داڭقان شەھىرى قوچو خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى مۇھىم بارگاھ قىلىپ قۇرۇلغان ھەم «دازى شەھىرى» دەپ ئاتالغان. قەدىمدىن تارتىپ داڭقان شەھىرىدە ياشاپ كەلگەن پىچانلىق خەلقلەر غەربكە سۈرۈلۈپ ھازىرقى شەرقىي بازار (دۇڭبازار) ئەتراپىدىكى قەدىمىي قۇم دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ھەم ئۆزىنى «پىچانلىقلار» دەپ ئاتاپ، بۈرۈنقى پىچان شەھىرىنى بىنا قىلغان.

تارىخنامىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىلا «پىچان» دېگەن يەر نامى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىلا خەنزۇچە نامى «فۇچاڭ» دەپ ئېلىنغان. («فۇچاڭ» سۆزىنىڭ ئاھاڭداشلىقى «پىچەن» سۆزىگە يېقىنلىشىدۇ).

مىلادىيىنىڭ 630 ـ يىلى قوچو خانلىقى تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىل-



دى. تاك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپاندا قوچو شەھىرىنى مەركەز قىلغان غەربىي ئوبلاست تەسىس قىلدى. ئوبلاستىنىڭ تەۋەلىكىدە قوچو ناھىيە-سى، ليۇجوڭ ناھىيىسى، يارغول ناھىيىسى، تەڭرىتاغ ناھىيىسى، فۇچاڭ ناھىيىسى قاتارلىق بەش ناھىيە قۇرۇلدى. قوچو ناھىيىسى تۇرپان ئاستا-نىدا، ليۇجوڭ ناھىيىسى لۈكچۈندە، يارغول ناھىيىسى يارغول شەھىرىدە، تەڭرىتاغ ناھىيىسى توقسۇندا، فۇچاڭ ناھىيىسى پىچاندا تەسىس قىلىن-دى.

مىلادىيىنىڭ 938 ـ يىلى قەدىمكى خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان تا-رىخىي ئەسەر «خېشىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە «پىچەن» دې-گەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا رەسمىي «پىچان» دەپ خاتىرىلىنىپ، تارىخ-نامىلاردا تۇنجى قېتىم ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا «پىچان» دېگەن يەر نامى كۆپىنچە فۇچاڭ ( 蒲昌 ) بەزىدە پىجەن ( 僻展 ) دەپ خاتىرىلىنىپ كەلدى. بۇ پەقەت «پىچان» دېگەن يەر نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئى-بارەت. 1902 ـ يىلى پىچان رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىچاننىڭ خەنزۇچە نامى «شەنشەن» ( 鄯善 )گە ئۆزگەرتىلدى. ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىدا يەنىلا «پىچان» دېگەن نامى ساقلىنىپ قالدى.



پىچان لەمجىندىكى يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى

# توقسۇن



توقسۇن ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىغا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. توقسۇن بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى تاشيول مۇساپىسى بويىچە 162 كىلومېتىر، تۇرپان شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تاشيول مۇساپىسى بويىچە 51 كىلومېتىر كېلىدۇ.

توقسۇن تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە بولۇپ، شەرق تەرىپى تۇرپان شەھىرى بىلەن، جەنۇب تەرىپى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ، خوشۇت ناھىيىلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى ئۈرۈمچى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئەڭ كەڭ جايى 146 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 204 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 17 مىڭ 342 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە تۆت يېزا، ئۈچ بازار بار.

1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 95 مىڭ 896 نوپۇس بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 72 مىڭ 620 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 75.73 % نى،

خەنزۇلار 16 مىڭ 416 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 17.12% نى، خۇيزۇلار 6593 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.88% نى، قازاقلار 170 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.17% نى تەشكىل قىلىدۇ. موڭغۇل، مانجۇ قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 97 گە يېتىدۇ.

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدە ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى كۆرۈنەرلىك، يەر تۈزۈلمىسىنىڭ ھالقىسىمان بەلۋاغلىق خۇسۇسىيىتى روشەن، كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل يېغىن ئاز، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك.

بوران قاتتىق، ئىسسىق شامال كۆپ چىقىدۇ. كۆپ يىللاردا سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 108 كۈنگە يېتىدۇ، كۆپ بولغاندا 135 كۈنگە يېتىدۇ. بوران كۈچى 12 بالغا يېتىدۇ. 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدە بوران ئەڭ كۆپ چىقىدىغان «بوران پەسلى» ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە چىققان بوران چاڭ ـ توزانلىق كېلىدۇ، ياز پەسلىدە ھەمىشە ئىسسىق شامال چىقىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 93 قېتىم ئىسسىق شامال چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۈچلۈك ئىسسىق شامال 33 قېتىمغا يېتىدۇ.

ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەش سەۋەبلىك بوران كۆپ چىقىدۇ. ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولىدۇ. كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تېز چۈشىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ. قىش پەسلىدە بوران، شامال ئاز بولىدۇ، قار ئاز ياغىدۇ، قەھرىتان سوغۇق مەزگىلى قىسقا بولىدۇ.

ناھىيە بويىچە ئوتلاقنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 978 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 19.1% كە يېتىدۇ. قارا تاغ ۋە ئۈستۈن تاغدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3600 ـ 2800 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان چىملىق ئوتلاقلار ناھىيىنىڭ ئاساسىي بايلىقى بولۇپ، يەر كۆلىمى 420 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. بۇ يايلاقلاردىكى چارۋا ئوتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 90% ـ 80% كە يېتىدۇ. شۇڭا توقسۇن ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان.



ھازىرغا قەدەر توقسۇن ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە 30 نەچچە خىل كان مەھسۇلاتى، 40 قا يېقىن كان بايقالدى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە كانلاردىن كۆمۈر، بېنتونىت، تۇز، كۈمۈش، تاشپاختا، سافونت، مىرابىلىت (ئاق شور) قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى سافونت دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان مېتاللوئىدتۇر. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ پاختىسى، ئاق قونىقى، خاسىگى داڭلىق بولۇپ، توقسۇننى كىشىلەر يەنە «بوران يۇرتى»، «خاسىڭ ماكانى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

توقسۇن ناھىيىسى تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي يۇرت. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار دەريا ۋادىلىرىدىكى تەبىئىي بوستانلىقلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە غەربىي دىياردا بولغان 36 بەگ بالىقىنىڭ بىرى بولغان «تاغلىقلار يەنە تاغ ئېلى»نىڭ ئورنى توقسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدە بولغان.

«خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «بۇ دۆلەت تاغقا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تاغ ئېلى دەپ نام ئالغان. دېھقانچىلىق قىلىدۇ، لېكىن ئاشلىقى يېتىشمەيدۇ. ئاگنىي (قارا شەھەر) ۋېيشۈي (كورلا) دىن ئاشلىق ئالىدۇ. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەننىڭ يۇنيۈەن 6 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 94 ـ يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بەن چاۋ بۇ دۆلەتنىڭ خاننى يۆتكىگەن» دېيىلگەن.

بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى كۈمۈش بازىرى تەۋەسىدىكى ئاچچىق قۇدۇقتا بولۇپ، بۇ يەردە بىر قەلئە خارابىسى بار. ھازىر بۇ يەر «پوچېگىزى» دېيىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ نامى تارىخىي خاتىرىلەردە ھەر خىل ئاتالغان: «ئالدىنقى خەننامە»دە «تاغلىقلار» دېيىلگەن. «ۋېي بايانى»دا «تاغ ئېلى» دېيىلگەن. خەن ۋۇدى جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى) جاڭ چيەن مۇشۇ «تاغ ئېلى»دىن ئۆتۈپ، كىروران (لوپنۇر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان.

«تارىخنامە» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە يەنە «بوغانيولى ئېلى»، «بوغان»، «بوغانتۇر» دېگەندەك ناملار ئۇچرايدۇ، بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى ھەق-

قىدە: «تۇرپاننىڭ 70 يول غەربىدە»دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. دېمەك، قەدىمكى دەۋرلەردە توقسۇن چېگرىسى ئىچىدە «بوغان»نامى بىلەن ئاتالغان بىر دۆلەت مەۋجۇت بولغان.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا: ھازىر توقسۇن ئېقىنى دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇق ئېقىننىڭ غەربىي تەرىپىدە (توقسۇن ـ تۇرپان قەدىمكى يولىدا) «شىچان»، «ئۇبان» ۋە «دۇجىن» دەپ ئاتالغان قەلئەلىك بازارلار بولغان.

«بۈيۈك ئىنايەت ئىبادەتخانىسى ئۇستاز شۈەنزاڭ تەزكىرىسى» 1 ـ جىلدتا: شۈەنزاڭ «قوچودىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئۇبان قەلئەسى ۋە دۇجىن قەلئەسىدىن ئۆتۈپ، ئاگنى دۆلىتىگە بارغان» دېيىلگەن.

«قوچو دۆلىتى قارمىقىدا تۆت ۋىلايەت، 21 ناھىيە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇبان ناھىيىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى بۇغان تۇردا. شىچان ناھىيىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۈي تېمىدا. دۇجىن قەلئەسىنىڭ ئورنى ھازىرقى توقسۇندا بولغان. شۈەنزاڭ مۇشۇ قەلئەلەرنى بويلاپ قوچو قەلئەسىدىن ئاگنىغا بارغان.»

مىلادىيىنىڭ 442 ـ يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 640 ـ يىلىغىچە شىچان، ئۇبان، دۇجىن قەلئەلىرى قوچو دۆلىتىگە تەۋە بولغان. جىڭگۇەننىڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 640 ـ يىلى) تاڭ قوشۇنى قوچو دۆلىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھازىرقى ئاستانىدا غەربىي ئۇيغۇرىيە ئوبلاستىنى تەسىس قىلدى. غەربىي ئۇيغۇرىيە ئوبلاستى قارمىقىدا بەش ناھىيە تەسىس قىلىنغان. بۇ ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولغان تەڭرىتاغ ناھىيىسى ھازىرقى توقسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدە ئىدى. تەڭرىتاغ ناھىيىسى مىلادىيىنىڭ 640 ـ يىلىدىن 792 ـ يىلىغىچە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەربىي ئۇيغۇرىيە ئوبلاستىغا تەۋە بولغان.

مىلادىيىنىڭ 794 ـ يىلىدىن 866 ـ يىلىغىچە پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (قارابالاغاسۇن)غا تەۋە بولغان.

توقسۇن مىلادىيىنىڭ 866 ـ يىلىدىن 1351 ـ يىلىغىچە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. 1393 ـ يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان.

توقسۇن 1393 ــ يىلىدىن 1469 ــ يىلىغىچە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا، 1469 ــ يىلىدىن 1679 ــ يىلىغىچە تۇرپان سۇلتانلىقىغا تەۋە بولغان. 1679 ــ يىلىدىن كېيىن جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تىزگىنىگە چۈشۈپ قالغان. 1732 ــ يىلىدىن 1756 ــ يىلىغىچە جۇڭغار قەبىلىسى توقسۇندا تارخان بې-گى تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

1759 ــ يىلى توقسۇن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى پىچاندا تەسىس قىلغان ئىش بېجىرىش ئامبالىغا قارىغان.

1886 ــ يىلى بىۋاسىتە قاراشلىق تۇرپان نازارىتىگە تەۋە بولغان.

1913 ــ يىلى توقسۇندا تۇرپان ناھىيىسىگە قاراشلىق شۆبە ناھىيە تە-سىس قىلىنغان. 1907 ــ يىلى توقسۇن، ئىلانلىق ۋە كۆمۈشتە جەمئىي 7643 نوپۇس بولغان.

1928 ــ يىلى توقسۇندا جەمئىي 2912 ئائىلە، 21 مىڭ 457 نوپۇس بولغان.

1936 ــ يىلى توقسۇن تۇرپاندىن ئايرىلىپ ناھىيە تەسىس قىلىنغان. بۇ چاغدا ناھىيە قارمىقىدا بىر كوچا باشقارمىسى، ئۈچ يېزا تەسىس قىلىند-غان. ناھىيە بولغاندىن كېيىن قارا شەھەر مەمۇرىي رايونىغا قاراشلىق بولغان.

1938 ــ يىلىدىن كېيىن دىخۇا (ئۈرۈمچى) مەمۇرىي رايونىغا قاراشلىق بولغان. 1944 ــ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى باۋ ــ جيا تۈزۈمىنى يولغا قوي-غاندا، ناھىيە قارمىقىدا بىر بازارلىق مەھكىمە (جېڭگۇڭسو)، تۆت يېزا (بۇ چاغلاردا ئىلانلىق يېزىسى شىمالىي يېزا، جەنۇبىي يېزا دەپ ئىككىگە ئايرىلغان) تەسىس قىلىنغان، بۇ چاغدا يەنىلا ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونىغا قاراشلىق بولغان.

1949 ــ يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە 27 مىڭ 800 نوپۇس بولغان.

1949 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى توقسۇن ئازادلىققا ئېرىشكەن.

1950 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى ئەكسىيەتچىل باۋ ــ جيا تۈزۈمى ئاغدۇ-رۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر قايسى يېزىلاردا رايونلۇق مەھكىمە، ھەر قايسى باۋلاردا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغان. بۇ چاغدا پۈتۈن ناھىيە ئۈچ رايون، 16 يېزىغا ئايرىلغان.



«تۇقسۇن»دېگەن يەر نامى ھەققىدە ھەر خىل مەنبەلەردە ھەر خىل قاراشلار بار. «ئەينى يىللاردا بۇ يەردە توقسەن ئائىلە ياشىغان، كېيىن ‹توقسەن› دېگەن سان ئاستا ـ ئاستا ‹تۇقسۇن›غا ئۆزگەرگەن» دېگەن قاراشلارمۇ، «سودا كارۋانلىرى دائىم توختاپ ئۆتىدىغان بۇ جاي ‹توختاسۇن› دېگەن ئاتالغۇدىن بارا ـ بارا ‹تۇقسۇن›غا ئۆزگەرگەن» دېگەن قاراشلارمۇ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى «توخسى» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگەرگەن، دېگەن قاراشلارمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىكى «تۇققۇزسۇ» دېگەن ئاتالغۇدىن ھازىرقى «تۇقسۇن» دېگەن نام كېلىپ چىققان دېگەن قاراشتۇر. چۈنكى تۇقسۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا تارىختىن بۇيان ئەتراپتىكى ئېگىز تاغلاردىن تۇقسۇن ئويمانلىقىغا كۆپلىگەن ئېقىنلاردىن سۇلار كېلىپ، بۇ جايدىكى ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان. بۇ ئېقىنلارنىڭ ئىچىدە ئارغۇبۇلاق ئېقىنى، قوشتېرەك ئېقىنى، كۆك ئىنەك ئېقىنى، زۇرمۇتا ئېقىنى، ئۇستۇنغول ئېقىنى، ئالغوي ئېقىنى، ئۆرەغول ئېقىنى، ياغاچبېشى ئېقىنى، بايتوقاي ئېقىنى قاتارلىق توققۇز ئېقىننىڭ سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا «تۇقسۇن»دېگەن نامنىڭ ئەسلى «تۇققۇزسۇ» بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن.



تۇقسۇن ئاق قوناقى

## يارغول قەدىمكى شەھىرى




تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مول ھەم كۆپ قىرلىق. ئەينى زاماندا ئىقتىسادى ناھايىتى گۈللەنگەن، ھەربىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئاجايىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخلىرىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس خاتىرىلەر بار.

تۇرپان —شىنجاڭدىكى ئەڭ سېھرىي كۇچكە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى. تۇرپاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئىز خارابىلىرى كۆپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت تۇسى قويۇق، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك شارائىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئۇستى ئوچۇق تارىخ، مەدەنىيەت، تەبىئەت مۇزېيى دەپ نامى بار.



تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئەڭ مۇھىم بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، كروران، ئاراتۇركلەر بىلەن بىللە غەربىي يۇرتنىڭ بوسۇغىسى دەپ ئاتالغان. شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيىتى بۇ جايدا گىرەلىشىپ مول تارىخىي ئىزلار ۋە سانسىزلىغان قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى قالدۇرغان. تۇرپاندىن بايقالغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىز خارابىلىرى 200 دىن ئاشىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇزى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ توققۇز ئورۇن دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۇكەممەل



ساقلانغان توپا قۇرۇلمىلىق شەھەر — يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ چوڭ قەدىمكى شەھەر — قوچو قەدىمكى شەھىرى، شىنجاڭدىكى ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى-دىكى خاتىرە مۇنار سۇلايمان غوجا مۇنارى، شۇنداقلا ئىلگىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى بولغان بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرپاندا 10 نەچچە ئورۇندا بۇددا غار ئىبا-دەتخانىسى بار بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوچو تاش كېمىرلىرى دەپ ئا-تالغان. ئۆزىنىڭ روشەن سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ھىندىستاندىكى ئاجانتا تاش كېمىرلىرى، شىنجاڭدىكى كۇسەن تاش كېمىرلىرى ھەمدە دۇنخۇاڭ، يۇنگاڭ، لوڭمېن تاش كېمىرلىرى ۋە-كىللىكدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاش كېمىرلىرى بىلەن تەڭ تىلغا ئې-لىنىدۇ. بېزەكلىك مىڭئۆيى بۇددا غارلىرى ئىچىدىكى غار سانى ئەڭ كۆپ، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ئەڭ مول، ئەڭ نەپىس بولغان تاش كېمىرلا-ردۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان غەربىي خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى، يىپەك يولى ئەڭ ئاۋاتلاشقان 1000 يىل ۋاقىت ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ % 80 تىن كۆپرەكى تۇرپاندىن تېپىلغان.

تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاتىرە، بەلگىلىرىدىن قالغان مىراسلار، قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ناھايىتى كۆپ، ھازىر بىر قەدەر داڭ-لىقلىرىدىن ئاستانە ـ قاراقوچو قەدىمكى قەبرىستانلىقى، يارغول قەدىمكى قەبرىستانلىقى بار. بۇ تارىخىي ئىزلار ۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەرگە ھەر خىل نام ـ ئاتاقلاردا كەلگەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قەبرىلەرنى كەڭ كۆلەمدە قېزىپ تەكشۈرۈش داۋا-مىدا چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەينى زاماندىلا چەت ئەللەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تا ھازىرغا قەدەر چەت ئەللەرنىڭ مۇزېي ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىنىڭ 2 ـ چارىكىدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز ئارخې-ئولوگلىرىنىڭ تۇرپاندىكى ھەر بىر قېتىمقى تەكشۈرۈشلىرىدە نۇرغۇن



يازما يادىكارلىقلار، ھۆججەتلەر قېزىۋېلىنغان. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئۇيغۇر يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا پۈتۈلگەن بولۇپ، ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول.

تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەر خىل ـ ھەر تۈرلۈك توقۇلمىلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇ توقۇلمىلار توقۇلۇش جەھەتتىنلا پەرقلىنىپ قالماستىن، ماتېرىيال جەھەتتىنمۇ كۆپ پەرق قىلىدۇ.

قەدىمكى خارابىلەردىن نۇرغۇن ئاشلىق ۋە ھەر خىل مېۋە ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. زىرائەت ئەۋرىشكىلىرىدىن بۇغداي، ئارپا، كېۋەز، قۇرۇق ئۈزۈم، چۈزگۈن قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىدىن چىلان، قارائۆرۈك، ياڭاق، قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەر بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ ـ كەتكەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىمۇ تۇرپان رايونىدىن نۇرغۇن قەدىمكى ئۆسۈملۈك ۋە مېۋە ـ چېۋە ئەۋرىشكىلىرىنى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق، قەدىمكى قوچو دۆلىتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلماقتا.

قەدىمكى قەبرىلەردىن مۇكەممەل ساقلانغان جەسەتلەر، ھەمدەپنە بۇيۇملار تېپىلغان. بەزى قەبرىلەرگە ھەر خىل تېمىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان، بەزىلىرىدە گۈل ـ گىياھلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرەتلىرى، بەزىلىرىدە ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى بار. بەزى قەبرىلەرنىڭ ئىچىگە كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان.

تۇرپان ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار، قەدىمىي قەبرىلەر، قىيا تاش ئويمىلىرى، مىڭئۆي تاش كېمىرى، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، ئوت تۈرى خارابىلىرى، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى، مۇنارلىرى، ئىسلام دىنىغا ئائىت مازار، قەدىمىي تۇرالغۇ ئىز خارابىلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغانلىرىنىڭ سانى 200 گە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەملە-



كەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 9 ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 32 سى، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 179 بار بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، خىللىرىنىڭ تولۇقلىقى، ساقلىنىشىنىڭ ياخشىلىقى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ خىل ھالەت مەملىكەت بويىچىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا، تۇرپان ئۇزاق يىللار مابەينىدە «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي»دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن كۆپلىگەن ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر، تەتقىقاتچىلار، ئالىملار، زىيارەتچىلەر، ساياھەتچىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تۇرپان رايونىدىكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز تارىخىدا ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان، يۈكسەك ۋە پارلاق بۇددا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. شۇڭا، بۇددا دىنىغا ئائىت، ھازىرقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە مۇكەممەل مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەپسۇسكى، تۇرپان تارىخىدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلار، ئىچكى نىزا ـ ئىختىلاپلار تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە غايەت زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن. كېيىنكى تۇرپان ۋادىسىغا قارىتىلغان ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرى بۇددا يادىكارلىقلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېغىر ۋەيران قىلغان. بۇددا دىنىغا ئائىت سان ـ ساناقسىز، بىباھا، قىممەتلىك كىتابلار، قول يازما، ھۆججەتلەر كۆيدۈرۈلۈپ، ئىبادەتخانا، بۇتخانىلار، ئىلىم مەركەزلىرى چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىنغان. مىڭ ئەپسۇسكى، دەۋرلەر ئۆلىنىپ تېخى يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندىمۇ، تارىخنى چۈشەنمەيدىغان بىر قىسىم نادان كىشىلەر بۇددا يادىكارلىقلىرىنى «بۇددىسلارنىڭ يالدامىسى»، دەپ قاراپ، قىممەتلىك يادىكارلىقلارغا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى. ھەتتا ھازىرغىچىلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇددا يادىكارلىقلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى توغرا بولمىغاچقا، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا، مىڭئۆيلەردىكى بۇددا رەسىملىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇ-

ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدىغان، يۇزلىرىنى جىجىۋېتىدىغان، بۇتلارنى ئۇرۇپ چاقىدىغان،
كونىشەھەرلەرنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈپ، توپىلىرىنى ئېتىزلىقلىرىغا ئاپىرىپ
ئوغۇت قىلىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلدى. بۇ مەدەنىيىتىمىزگە قى-
لىنغان ئېغىر زىيانكەشلىك، كەچۈرگۈسىز جىنايەت، كىشىنى قاتتىق
ئەپسۇسلاندۇرىدىغان، چوڭقۇر ئېچىندۇرىدىغان ئەھۋال. مۇشۇ خىلدىكى
كىشىلەرگە شۇنى دېگىمىز كېلىدۇكى، سىز كۆزىنى ئويۇۋەتكەن، يۇزىنى
جىجىۋەتكەن ئاشۇ «بۇددىستلار» ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز
ئەمەسمۇ؟ سىز ۋەيران قىلغان «ئەسكى تام»لار ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ بوۋىلى-
رىمىز پاناھلانغان، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى بىلەن قۇرۇپ چىققان ھەم
بىزگە يادىكار قىلغان ئۆلمەس ئابىدىلەر ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ
ھازىرقى مەدەنىيىتىمىز، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز دەل ئاشۇ بۇد-
دىستلارنىڭ مەدەنىيىتى ئاساسىدا گۈللەنگەن، ياشناپ تەرەققىي قىلغان.
بىز ئۇلارنىڭ ۋارىسى تۇرۇپ، ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ يۈزىنى بىرىنى
تېخى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدۇقيۇ، ئۇلار قالدۇرۇپ قويغان مىراسلارغا قول
تەگكۈزۈشكە يۈزىمىز قىزارمامدۇ؟ باشقىلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن
پەخىرلىنىپ، بىزگىمۇ ئېپتىخار ئىلكىدە بېقىۋاتسا، بىز نېمىشقا دىنىي
ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بانا قىلىپلا، ئەجدادلىرىمىزدىن تانماقچى
بولىمىز؟ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى مەڭگۈ قايتا پەيدا بولمايدىغان،
ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەنىۋى مىراس. ئاشۇ
يادىكارلىقلارنىڭ بىر كېسىكىگە، بىر چىمدىم توپىسىغا، بىر ۋارىقىغا
يازغان بىر سۆزىگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېسابسىز مېھنەت، ئەقىل ـ پارا-
ستى، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنىڭ قىممەتلىك كەچۈرمىشلىرى
سىڭگەن. بۇ مىراسلار تېخى ھازىر بىزگە زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ
بېرىۋاتىدۇ. بۇ بىباھا مىراسلارنى قوغداش ھەر بىر گىراژدانىنىڭ باش
تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. شۇڭا، بىز بۇ جەھەتتىكى خاتا قاراش-
لىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك
ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز لازىم.







(يارغول قانداق شەھەر؟)

# يارغول قەدىمكى شەھىرى

يارغول قەدىمكى شەھىرى — تۇرپاندىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان ۋە مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر تۇپا قۇرۇلمىلىق شەھەر. دۆلەت ئىچى - سىرتىغا مەشھۇر بولغان، تارىخى ئۇزۇن، تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى، قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە، ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان ساياھەتچىنى جەلپ قىلىۋاتقان داڭلىق ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى.

يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شەھەرنىڭ سېپىلى يوق (چۈنكى شەھەر يارنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان)، ئۆي - ئىمارەتلەر سوقما تامدىن تەركىب تاپقان، نەچچە قەۋەتلىك ئىمارەتلەرمۇ ئېگىز يارلىقلارنى، تۈپىنى قېزىش، ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلۇش شەكلى دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىدىكى يار يېزىسىنىڭ يارغول كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان. قەدىمكى دەۋردىكى ئالدى قوش دۆلىتىنىڭ پايتەختى. 1961 - يىلى گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلغان.

يارغول يىراق قەدىمكى زاماندا، كەلكۈننىڭ ئىككى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ ئاخىرىدا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان غول بولۇپ، بۇ غولنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدىكى تۈز كەتكەن تۈزلەڭلىك بار. تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1650 مېتىر،



كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر بولۇپ، قەدىمكى شەھەر مۇشۇ ئارالغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئەتراپىنى غول سۈيى ئايرىپ تۇرىدۇ. يار خۇددى كېسىپ چۇشكەندەك سىلىق بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 مېتىرغا يېتىپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت توسىقى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا، يەرلىك ئاھالىلار بۇ يەرنى «يارغول» (يارداڭلىق، غول ئۇستىدىكى شەھەر دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان.

يارغول قەدىمكى شەھىرى شىنجاڭ بويىچە تۇرپان ئويمانلىقىدا ساقلىنىپ قالغان ئىككى ئاتاقلىق قەدىمكى شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە ھۇن ئىتتىپاقىدىكى قوشلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى»دە «كروران، قوش ئەللىرىدە شەھەر بار ئىكەن، تۇزلۇق كۆلگە تۇتىشىپ تۇرىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «ئالدى قوش دۆلىتىدە پادىشاھ يارغولدا تۇرىدۇ، دەريا سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. شۇڭا بۇ جاي ‹جياۋخې› يەنى ‹ئىككى دەريا قوشۇلغان جاي› دەپ ئاتىلىدۇ، چاڭئەنگە (بۈگۈنكى شىئەن) 8150 چاقىرىم كېلىدۇ، 700 ئائىلە، 6050 نوپۇس، 8150 نەپەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكىرى، دۆلەت ئەمەلدارلىرى، دۆلەت بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى، ئوڭ ـ سول قول ۋەزىرلەر، ئىقتىسادىي ئالاقە تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قوشلار دەۋرىدىكى يارغول دەرىجە پەرقى جەھەتتە ۋىلايەت ياكى نازارەت بىلەن ئوخشاش بولغان. شۇ زامانلاردا پۈتكۈل تۇرپان رايونىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ـ سانائەت ئىشلىرىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. بۇ تەرەققىياتلار ئەينى زاماندىكى يارغول شەھىرىدە ئاۋات بازارلارنى، گۈللەنگەن شەھەر مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يارغول قەدىمكى شەھىرىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ئىقتىسادىي ئالاقە ئورنىتىش ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان. دېمەك، ھازىرقى يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئالدى قوش دۆلىتىنىڭ پايتەختى



قىلىنىپ، كىروران بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان.

نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى مىلادىيە-دىن بۇرۇنقى مىڭ يىل ئىچىدە تۇرپان ئويمانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قوشلارنىڭ تۆمۈر قورال ئىشلەتكەنلىكىنى، دېھانچىلىق، چارۋى-چىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، ئېنىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولغان-لىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مۇشۇ ئاساستا ئەڭ بالدۇرقى بەگ بالىق مەيدانغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى ئىستراتېگى-يىلىك جاي يارغول ئارىلىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئىنتايىن ئەقىلگە مۇ-ۋاپىق ئىدى. بۇنداق قىلىشى دەل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر-لىكى دېيىشكە بولاتتى.

مىلادىيىنىڭ 460 ـ يىلى جورجانلار قوچونى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلەپ، غان بوجونى قوچو پادىشاھى قىلىپ يۆلەپ تۇرغۇزدى. يارغول قوچوغا تەۋە بولدى. مىلادىيىنىڭ 501 ـ يىلى جورجانلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى كۈي جەمەتى قوچوغا پادىشاھ بولدى، قوچو ھۆكۈمرانلىرى 640 ـ يىلىغىچە نىسپىي مۇقىم بولۇپ، يارغول قوچو پادىشاھلىقىنىڭ بىر ئايمىقى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بۇيان قوچو ۋادىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدە-نىيەت مەركىزى يارغولدىن قوچوغا كۆچتى. يارغولنىڭ تارىختىكى مەر-كەزلىك ئورنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

مىلادىيىنىڭ 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچونى تىنجىتىپ، يارغولدا ناھىيە تەسىس قىلدى. يارغول ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي ئىشلار ئورنى بولغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇ-رۇشلۇق جاي بولۇپ قالدى.

مىلادىيىنىڭ 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى شىمالىي چۆللۈك يايلاقلىرىدىن غەربكە كۆچۈپ، بېشبالىق ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، قوچونى پايتەخت قىلدى. يارغول قوچو پادىشاھلىقىغا قاراشلىق بىر مۇھىم ھەربىي قورغان بولۇپ قالدى.

مىلادىيىنىڭ 1275 ـ يىلى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن قايدۇ بىلەن دوۋا



توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، 12 تۈمەن ئەسكەر بىلەن يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي
ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلغان قوچو بىلەن يارغولنى يېرىم يىلدەك مۇھا-
سىرىگە ئالدى. يارغول ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە ئېغىر ۋەيرانچىلىققا
ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن يارغول تەدرىجىي خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتتى.
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر لى چى:

كۈندۈزى تاغقا چىقىپ قارايتتى تۇرنىڭ ئىسىغا،
كەچلىكى ئاتلارنى يېتىلەپ چۆشەتتى يارغول قىنىغا.

دەپ يازغانىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىن چىڭ:

بىرلىشەتتى باغرىدىكى ئىككى ئېقىن مۇشۇ جايدا،
تەگرى ساپتۇ بۇ شەھەرنى ئىككى ئېقىننىڭ ئۈستىگە.
تىك قىيا ياردىن چىقىش شۇنچە خەتەر بولسىمۇ،
كۆپ يىل بوپتۇ ۋەيران بولۇپ خارابىلىشىپ كەتكىنىگە.

دەپ يازغان. چىن چىڭ ئەلچى بولۇپ غەربىي يۇرتقا كېلىپ مۇشۇ جايدىن
ئۆتكەن ۋاقىتتا، بۇ شەھەر ئاللىقاچان خارابىلىققا ئايلانغان ئىدى. ئار-
خېئولوگلار قۇرۇلۇش خارابىسىدىكى كۆيۈپ كەتكەن ئىزلاردىن يارغول
قەدىمكى شەھىرى بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولغان، دەپ دە-
لىللىدى.

ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان يارغول قەدىمكى شەھىرى ئۇنىڭ راسا گۈللەنگەن
ھالىتى بولۇپ، ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ-
زۇنلۇقى 350 مېتىر كېلىدىغان بىر تال چوڭ يول يارغول قەدىمكى شە-
ھىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. چوڭ يولنىڭ شىمال تەرىپىدە كۆلىمى
ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بار، بۇ ئى-
بادەتخانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك مۇنار بار، مۇنارنىڭ
ئۈستۈنكى قىسمىدا تۆت ئەتراپىدا جەمئىي 28 بۇت تەكچىسى بار. بۇت-
خانىنىڭ ئۇدۇل جەنۇب تەرىپىدە پۈتكۈل يارغول قەدىمكى شەھىرىنى
كۆزەتكىلى بولىدىغان ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك كۆزىتىش مۇنارى بار. شە-
ھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە قەدىمكى قەبرىلەر بولۇپ، پۈتۈنلەي
قېزىلىپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قۇرۇلۇشلار شەھەرنىڭ شەرقىي جە-

نۇبىي قىسمىدىكى تەخمىنەن 1000 كۋادرات مېتىر دائىرە ئىچىگە مەر-
كەزلىشىپ، ئۇنىڭ شەرق، جەنۇب تەرىپىدە بىردىن قوۋۇق بار، قۇرۇلۇش
شەكلى جەھەتتە شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان سېپىل بولمىغاندىن
سىرت، مۇتلەق كۆپ قىسىم قۇرۇلۇشلار، كەڭ كوچىلارنىڭ ھەممىسى
يەرنى قېزىش ئارقىلىق ياساپ چىقىشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.
گەمىلەر تۇپراقنى قېزىش ئارقىلىق ياسىلىپلا قالماي، ئۆيلەرنىڭ كۆپىن-
چىسى تۇپراقنى قېزىپ چىقىرىش ئارقىلىق 4 تامنى ياساپ، ئاندىن ياغاچ
بىلەن ياپقان. قېپقالغان تۈۋرۈكلۈك گەمىلەردىن قارىغاندا، كۆپ قەۋەتلىك
قۇرۇلۇشلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلىرىنىڭ ئاستىنقى قىسمى توپا تام، ئۈس-
تۈنكى قىسمى لايدا قوپۇرۇلغان غوجا تام. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ
شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمى بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ، چوڭ ـ كىچىك
كوچىلىرى، ھويلىلىرى ئېنىق، كۆپ ساندىكى ھويلىلار ئىچىدىن قۇرۇ-
لۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك، دېرىزە ئورنىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بۇزۇلۇشى ئې-
غىر بولۇپ، كۆپىنچىسى تۈۋرۈك شىپلىق گەمىلەر قېپقالغان. قەدىمكى
شەھەردە يەنە قەدىمكى دەۋرلەردىكى مەدەن ئېرىتىش، مېتال تاۋلاش، سا-
پالچىلىق، شاراب ئېچىتىشقا ئائىت قېزىلمىلار بايقالدى. دېمەك ئەجدات-
لىرىمىز يار ئۈستىدىكى مۇشۇنداق قۇلاي ھەم تەبىئىي ئورۇنغا شەھەر بىنا
قىلىپ، قېزىلما ئىمارەتلەرنى ياساپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن، ئىسسىق
ھاۋادىن مۇداپىئەلەنگەن. يېزىق ئىجاد قىلىپ، ھەر خىل ئەسەرلەرنى يا-
رىتىپ، تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، تەرەققىي قىلغان شەھەر مەدەنى-
يىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يارغول قەدىمكى شەھىرى 2000 يىلدىن ئارتۇق بوران ـ چاپقۇنلارنى
باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، شەھەر
خارابىسى سۇ مەنبەسىدىن يىراق، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا
ئامال بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، شەھەر ئىچىدىكى ئەمەلدارلار تۇرىدىغان
مەھكىمىلەر، ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارى، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن
چوڭ ـ كىچىك كوچا قاتارلىق قۇرۇلۇش خارابىلىق ئىزلىرى تولۇق ساق-



لىنىپ قالغان. ھازىر ساياھەتچىلەر بۇ شەھەرگە كىرىپ، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنى ئايلىنىپ، ساراي ـ ئۆيلەرگە كىرەلەيدۇ. 19 ـ ئەسىردىن بۇيان ئاز بولمىغان چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بۇ جايغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى كۆپ قېتىم بۇ جاينى تەكشۈردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر يارغول قەدىمكى شەھىرىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ دەلىللەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھازىر بارماق بىلەن سانىغۇدەك كەم ئۇچرايدىغان بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر ئىنتىلىدىغان داڭلىق ساياھەت ئورنى بولۇپ قالدى.

يېقىندا ئالىملار يارغول قەدىمكى شەھىرىگە:«يارغول قەدىمكى شەھىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك، ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان توپا قۇرۇلمىلىق شەھەر، شۇنداقلا ئېلىمىز بويىچە 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان مەركىزىي شەھەر خارابىسى. شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەرنى ئويۇپ ياسالغان، ئۆڭكۈر قېزىلىپ ھۇجرا ياسالغان، ئاھالىلارنىڭ تۇرالغۇلىرى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈز يەرنى ئويۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. پۈتۈن شەھەر توپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، كوچىلارغا قارىغان ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ، كوچا بىلەن دەرۋازىلىرى ئازادە ياسالغان. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا خاس ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇش دۇنيا شەھەر قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇ ئىنتايىن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە»دەپ باھا بەردى. يارغول قەدىمكى شەھىرى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە قىممىتى بىلەن ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى مەركىزى «يېپەك يولىنىڭ جۇڭگو بۆلىكى»دە تۇنجى بولۇپ يارغول قەدىمى شەھىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشقا كۆرسەتتى.

بۇ ئاپتونوم رايونىمىز، بولۇپمۇ تۇرپان ۋىلايىتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇنەۋۋەر مىراسلارنى كۆرسىتىدۇ. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدىكى تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشى ئىنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مىراس جايلاشقان ئورۇننىڭ نامىنى يەنىمۇ تارقىتىپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كۈچەيتىپ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ساياھەت ماركىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ ئۇ تۇرپان رايونىنىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، 3 ـ كەسپىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىكى ئاممىغا كۆپلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆپ مىقداردىكى ئىئانىسىنى جەلپ قىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغدىغىلى ۋە تېخىمۇ ياخشى رېمونت قىلغىلى بولىدۇ. يارغول قەدىمكى شەھىرى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچراشقان تۈگۈنى. بۇ شەھەردە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. كۆپ مەنبەلىك، مول مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە بۇ خىل قەدىمىي ئىزلار جۇڭگو ھەتتا دۇنيادىمۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارالماقتا. يارغول قەدىمكى شەھىرى شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار بولۇپ، شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەمدە غەربىي رايونلارنىڭ تارىخى، دىنى، سەنئىتى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

# قوچو قەدىمكى شەھىرى



قوچو قەدىمكى شەھىرىنى يارغول قەدىمكى شەھىرى بىلەن «ئاكا ـ ئۇكا شەھەر» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەر تارىختا زور شۆھرەت قازانغان قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا، دىنىي مەركىزى بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىد بولغان. ھازىر بۇ قەدىمكى شەھەر تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەتقىقات قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ساياھەتچىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلماقتا. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قوچو قەدىمكى شەھىرىگە ئېكسپېدىتسىيىگە كەلگەن رۇسىيىلىك رېيگىن بۇ شەھەرنى كۆرۈپ: «خۇددى قەدىمكى رىم شەھىرى خارابىسىدەك شۇنچە ھەيۋەتلىك» دەپ باھا بەرگەن.

قوچو قەدىمكى شەھىرى تۇرپان شەھىرىنىڭ 40 كىلومېتىر شەرقىدىكى قۇتتاغ (ئىدىقۇت تېغى) نىڭ جەنۇبىغا، قاراغوجا يېزىسى ئەتراپىغا جايلاشقان. قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربى ئاستانىغا، شىمالى قاراغوجىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قاراغوجا» ئاتالمىسى «قارا قوچو» يەنى «ئۇلۇغ قوچو»دىن ئۆزگەرگەن. ئاستانىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى بولسا «پايتەخت» دېگەندىن ئىبارەت. سىڭگىم ئېغىزىدىن ئېقىپ كېلىدىغان مۇرتۇق دەرياسىنىڭ سۈيى قاراغوجىدىن ئۆتۈپ قەدىمكى شەھەرگە كىرىدۇ. ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە مەركىزىي شەھەر ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن سۇ مەنبەسى يېتەرلىك، شەھەر مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، يوللىرى



راۋان بولغان چىگرا رايوندىكى پايتەخت ئىدى. قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەھەر سېپىلى، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان چوڭقۇر خەندەك ئىزنا- لىرىدىن بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قوچو شەھىرىنى 1961 ـ يىلى گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلدى.

ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەھەر خارابىسى قوچو ئۇيغۇرلىرى مەزگىلىدە ئەسلىدىكى قوچو شەھىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ياسىغان قۇ- رۇلۇشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېگىزلىكتىن نەزەر سالغاندا، قەدىمكى قوچو شەھىرى رەتسىز، چاسا شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىن تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر، ئوردا شەھىرى دەپ ئۈچكە بۆلۈش مۇمكىن. شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1.58 كۋادىرات كىلومېتىر، سىرتقى شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇل قېلىنلىقى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى 11.5 مېتىر، ئايلانمىسى 5.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. سوقما تام خاڭداش قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىردىن 12 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ئاز مىقداردا كې- سەك ئىشلىتىلگەن. سوقما سوقۇشتا ئىشلەتكەن ياغاچ ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سېپىل سىرتىدا شەھەر قوۋۇقىنى قوغداش سېپىلى قا- تارلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار. غەربىي سېپىلدا ئىككى قوۋۇق، جەنۇبىي تەرەپتە ئۈچ قوۋۇق بولۇپ، ئىچكى شەھەر تاشقى شەھەرنىڭ دەل ئوتتۇرد- سىغا جايلاشقان. شەھەر سېپىلى خاڭدالغان سوقما تام بولۇپ، غەربىي جەنۇبىدىكى ئىككى تەرەپ خېلى ئوبدان ساقلىنىپ قالغان، ئايلانما ئۇ- زۇنلۇقى 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى تاشقى شەھەردىن بۇرۇن، ئوردا شەھىرى ئۇزۇنسىغا تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، پۈتۈن شە- ھەرنىڭ ئەڭ شىمالىغا جايلاشقان. سىرتقى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى سېپىل كەينى يۈزى ئوردا شەھىرىنىڭ شىمالىي تېمى، ئىچكى شەھەرنىڭ شىما- لىدىكى سېپىل ئوردا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تېمى قىلىنغان.

قوچو قەدىمىي شەھىرىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە غەربىي خەن سۇلالىسى ئالدى قوش دۆلىتى چېگرىسى ئىچىدە لەشكەرلەر بوز يەر ئاچقاندا ياسىغان. «ۋېينامە» دە «غەربكە يۈرۈش قىلىۋاتقان قىسملار بۇ





جايدا تەرتىپكە سېلىنغان ئىدى. لەشكەرلەر ئىچىدىكى ئاغرىپ قېلىپ داۋالىنىق يۇرۇش قىلىشقا مادارى يەتمىگەن لەشكەرلەر بۇ جايدا تۇرۇپ قالدى. بۇ جاينىڭ يەر شەكلى ئېگىز، ئاۋام تۇرمۇشى باياشاد ئىكەن. شۇڭا «گاۋچاڭ» (ئېگىز، روناق تاپقان) دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن.

خەن، ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بۇ شەھەرگە ساقلاۋچى توپبېشى ئەۋەتىپ، ئەسكەرلەرگە بوز يەر ئاچقۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرغان. شۇڭا «ساقلاۋچى توپبېشى قەلئەسى» دەپ ئاتالغان. مىلادىيىنىڭ 327 ـ يىلى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھى بۇ جايدا قوچو ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، ۋالىي تەيىنلىگەن. 442 ـ يىلى شىمالىي لياڭ بەگلىكىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى قۇتقۇ ئارغۇنىڭ باشلامچىلىقىدا «غەربتىكى چۆللۈكلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ» بۇ جايدا سەرگەردان ھاكىمىيەت قۇردى. 450 ـ يىلى قۇتقۇ ئارغۇ يارغول شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېگىلەپ، ئالدى قوش دۆلىتىنى يوقاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو پادىشاھلىقىنىڭ نوپۇس ئارخىپىدىكى سىتاتىستىكىسىدا 37 مىڭ نوپۇس بارلىقى خاتىرىلەنگەن.

1209 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇللارغا بەيئەت قىلدى. چىڭگىزخان ئۇيغۇر قوچو پادىشاھىنى 5 ـ ئوغلۇم دەپ، ئۇنىڭغا مەلىكىسىنى ياتلىق قىلدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كەڭ كەتكەن رايونلاردىكى غەربىي شىمال موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر قوچو خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. 1275 ـ يىلى بىر قېتىمدىلا 12 تۈمەن ئەسكەر بىلەن قوچونى يېرىم يىلدىن ئارتۇق مۇھاسىرىگە ئالدى، كېيىن ئىدىقۇت قوچقارتېگىن موڭغۇل كۆچمەنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلدى. بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش 40 يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، قوچو شەھىرى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە ۋەيران بولدى. مىلادىيە 1316 ـ يىللىرى قوچقارتېگىنىنىڭ ئوغلى نورىن تېگىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى ئارقىلىق، «ئەسكەر باشلاپ قوچوغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەلئە ـ شەھەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.» (يۈەن تارىخى، بارچۇق ئارت تېگىنىنىڭ تەرجىمىھالى). قوچو شەھىرى ئۇرۇش ئوتلىرىدا قاتتىق ۋەيران بولغانلىقتىن، قايتا قۇرۇپ چىققان شەھەر قوچونىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا بولماي، ئەسلىدىكى قوچونىڭ غەربى (ھازىرقى ئاستانە

ئاھالىلار رايونى ئەتراپى)دە بولدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قوچو ئۆز ئالدىغا بۆلۈپ «يەرلىك ھاكىمىيەت» بولۇۋالدى. شۇڭا، «مىڭ تارىخى»دا «قوچونىڭ شەرقىدە ۋەيران بولغان شەھەر بار، ئۇ قوچو پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى» دېيىلگەن.

ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە، قوچو ئوبلاستى مەزگىلىدىكى قوچو شەھىرىدە ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىچكى شەھەر ياسالغانلىقى، غان جەمەتى قوچوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە تاشقى شەھەر سېپىلىنى ياسىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شەھەر شىمالىدىكى ئاستانە ـ قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن چىققان يازما ھۆججەتلەردە «شىمالدىكى ئوتتۇرا شەھەر»، «غەربىي جەنۇب كوچىسى»، «شەرقىي جەنۇب كوچىسى» ھەققىدە خاتىرىلەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ شەھەرنىڭ تاشقى، ئوتتۇرا دەپ ئايرىلغانلىقىنى، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال دەپ پەرقلەندۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، قوچو قەدىمكى شەھىرى تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن «گاۋچاڭ» دەپ ئاتالدى. تاڭ دەۋرىدە «غەربىي ئۇيغۇرىيە ئوبلاستى» تەسىس قىلىندى. غەربىي ئوبلاستى ئۇيغۇرلار ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە «خېجۇ» دەپ ئاتالدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «火州» (خوجۇ)، «قارخوجۇ» دەپ تەرجىمە قىلىندى. گەرچە نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئورنى ھەقىقەتەن بىر جايدا ئىدى. قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، بۇ مەركىزىي شەھەر تاشلىۋېتىلدى.

قوچو قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان. بۇ مەزگىلدە گېرمانىيىلىك گرۇنۋېدىل، فون لېكوك، ئەنگلىيىلىك ستەيىن، ياپونىيىلىك جى رۇيچاۋ قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ ئاخىرى قوچو قەدىمكى شەھىرىگە كېلىپ شەھەر ئىچىدە تەكشۈرۈش، ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بارغان ۋە كۆپلىگەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. 1930 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۋاڭ ۋېنبى ئەپەندى كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، قوچو قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرگەن.

قوچو قەدىمكى شەھىرى تۇرپاندىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككى مىڭ يىلنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىشى بىر تارىخىي مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.





# بېزەكلىك مىڭئۆيى

## («بېزەكلىك» قانداق بېزەلگەن؟)

«بېزەكلىك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن چىرايلىق جاي دېگەنلىك بولۇپ، «بېزەك» سۆزىنى خەلقىمىز مىڭلارچە يىللاردىن بېرى «زىننەت»، «نەقىش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا، «بېزەكلىك» سۆزى كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، تۈرلۈك بېزەكلەر، رەسىملەر، نەقىشلەر ۋە ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەن جاي، سەنئەت ماكانى دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. «بېزەكلىك» دېگەن چىرايلىق، ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم بىلەن ئاتالغان بۇ سەنئەت ماكانى تۇرپان شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر شەرقىدىكى دۇنياغا مەشھۇر ئىدىقۇت تېغىنىڭ «سىڭگىم ئېغىزى»دەپ ئاتىلىدىغان ئېغىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ئېغىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 8 ـ 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. مىڭئۆيلەر ئاساسلىقى بۇ يەردىكى «مۇرتۇق غولى»دەپ ئاتىلىدىغان غولنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يارداڭلىقتا جايلاشقان، ئىدىقۇت تېغى تىزمىسىنىڭ تاغ يىلتىزىغا ئويۇلغان غارلاردۇر.

«بېزەكلىك» تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، سەنئەت ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەش-

هۇر. ئۇنىڭ ياسىلىش سەنئىتىگە ۋە بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى مىلادىيىنىڭ 4 ـ ئەسىرلەردە ياسىلىشقا باشلاپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە (مىلادىيىنىڭ 9 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە) كېڭەيتىپ ياسىلىپ يۇقىرىقى باسقۇچقا يەتكەن. مىلادىيىنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان رايونىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن خارابىگە ئايلانغان.

قوچو رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولغانلىقتىن بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. بېزەكلىك مىڭئۆيى ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «مىڭ ئېغىزلىق ئۆي توپى»دەپ قارالماقتا. ئەسلىدە «مىڭ راھىب سىزىلغان ئۆي» دېگەن مەنادا بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچى بۇددا راھىبلىرىنىڭ سۈرىتى بىلەن بېزەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇددا رەسىملىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن «مىڭئۆي» دەپ ئاتالغان. بېزەكلىك مىڭئۆيى قۇرۇلغان جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئىككى تەرىپى تاغ، ئوتتۇرىسى مۇرتۇق غولى، مۇرتۇق دەرياسى قىش ـ ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. تۇپرىقى ناھايىتى مۇنبەت، ئىنسانلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشىگە ئىنتايىن مۇۋاپىق.

بېزەكلىك ئەسلىدە قوچو دۆلىتىنىڭ خانلىق ساڭرامى ۋە خانلىق ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئەينى مەزگىللەردە زىيالىيلار توپلىشىپ تۇرلۇك مەدەنىيەت پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان سورۇن ئىدى. قەدىمكى دەۋردە مۇنداق مەدەنىيەت پائالىيەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى تۇرلۇك دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا زىيالىيلار قاتلىمى يەنە شۇ دىنلارنىڭ راھىبلىرى، زاھىت ـ پارسىللىرى، تويىۇنلىرى، باخشىلىرى ۋە شەيخلىرىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇلار، بولۇپمۇ بۇددا دىنى راھىبلىرى گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىلىرى، بۇلاق بويلىرى ۋە دەريالارنىڭ مەنبەلىرىدە ئىستىقامەت قىلاتتى. بېزەكلىكمۇ دەل ئاشۇنداق جايلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، زىيالىيلار بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن،

تۇرلۇك دىنىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنى، تۇرلۇك تىللاردىن دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلاتتى، شېئىرلارنى يازاتتى، نەققاشلىق ۋە رەسساملىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، غارلارنى ۋە كېمىر ئۆيلەرنى تۇرلۇك گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەيتتى. كۆن تۇغ-قاندا (نورۇز كۆنى) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بايرام كۈنلىرى ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن تەقۋادار ئەر ـ ئاياللارغا ھەر خىل ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى.

«بېزەكلىك» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت پائالىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ۋە بىزگە ناھايىتى باي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن پائالىيەت يازغۇچىلىق، تەرجىمانلىق پائالىيىتى ئىدى. تۇرپاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تې-پىلغان مىڭلىغان ـ تۇمەنلىگەن يازما ھۆججەتلەر ۋە كىتابلار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. شۇ مەزگىللەردە كىتابچە قىلىپ پۈتۈلگەن «ئوغۇزنامە» قاتارلىق باتۇرلۇق داستانلىرى، «مايترى ـ سىمىت» قاتارلىق دىنىي ھې-كايىلەر، «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تەر-جىمە ئەسەرلەر ئەينى زاماندىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخنى، مەدەنىي ھاياتنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلانماقتا.

بېزەكلىك مىڭئۆيى سەنئەتكارلىقىدا ئىمارەتچىلىك، ھەيكەلتىراشلىق، رەسىمدىن ئىبارەت ئۈچ خىل سەنئەت شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى غارلارنىڭ سانى 60 تىن ئاشىدۇ. بۇ ئۆيلەر ئا-ساسەن ئىككى خىل ئۇسۇلدا ياسالغان بولۇپ، تاغ باغرىنى ئويۇپ ياساش ئۇسۇلى بىلەن تۈز يەرگە كېسەك بىلەن قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئۆيلەرنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق ـ چاسا ۋە تۆت چاسا بولۇپ، ئۇزۇنچاق ـ چاسا شەكىلدىكى ئۆيلەر ئەگمە تورۇسلۇق ياسالغان؛ بەزى ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەركىزىي يۆلەك قويۇلغان ۋە ئىچكىرى ـ تاشقىرى بىر نەچچە ئېغىز قىلىپ ياسالغان. تۆت چاسا ئۆيلەر گۈمبەز تورۇسلۇق، ئەگمە تورۇسلۇق، تۈز تورۇسلۇق شەكىللەردە ياسالغان. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا سۇپا، ياغاچتىن پېشايۋان، ئاسما كۆۋرۈك، پەلەمپەي، ستوپا، بۇددا مۇنارلىرى يا-

سالغان. دېمەك، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىنىڭ ئىمارەتچىلىك سەنئىتىدە شۇ زاماندا، شۇ يەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى، نەققاشلىرى، ھەيكەلتىراشلىرى ۋە رەسساملىرى قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ھىندى، گرېك ۋە خەنزۇ سەنئەتلىرى بىلەن تونۇشقاندا ئۇنى ئاددىي كۆچۈرۈۋېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى قوشۇپ، ئۆزىگە خاس بىر يېڭى ئۇسلۇب — ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبنى ياراتقان. جۈملىدىن، يەرلىك خەلق بىناكارلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك ئۇسلۇبقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ياراتقان ئىجادىيىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان بېزەكلىك مىڭئۆيى ئىلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، كەشپىياتچى، يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلىرى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى مول مەزمۇنغا ئىگە. تام رەسىملىرىدە بۇددا ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ھەر خىل ئىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئوبرازلار گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇددانىڭ يارالمىش قىسسىسى، نوم تەپسىر قىلىش قىسسىسى، نىرۋانانى ئاساس قىلغان بۇددا ھېكايىلىرىنىڭ تىزما رەسىملىرى بايانلىرى (رەسساملىقتا تىزما رەسىملەر ئارقىلىق بىر ھېكايىنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپ بېرىش سەنئىتىمۇ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىگىلىگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان بىر خىل سەنئەت فورمىسى ھېسابلىنىدۇ) ۋە تاپىنغۇچىلار (تىۋىنغۇچىلار، ئىنتىلگۈچىلەر)، سازەندىلەرنىڭ ئوبرازلىرى يەرلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن ھەمدە بۇ مەزمۇنلار بىنا، راۋاق، تاغ - دەريا، گۈل - چېچەك، ھەر خىل مەنزىرە، نەقىشلەر ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بېيىتىلغان. بۇ تام رەسىملىرى 4 - ئەسىردىن بۇيانقى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى، بولۇپمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى بۇددىئىزم ۋە بۇددىئىزم

سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تام رەسىمدىكى تاپىنغۇچىلارنىڭ رەسىمى، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىملاردىن قارىغاندا، تاپىنغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى پادىشاھ ۋە بۇددىستلارنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

بېزەكلىك مىڭئۆيى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر نەچچە ئەسىرلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ئەنە شۇ بىر قانچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئىمارەتچىلىك ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشلاردا بۇ سەنئەت ماكانىغا بىر قانچە مىللەتنىڭ بىر قانچە خىل دىنىي مەزمۇننى ئاساس قىلغان تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلىرى رەسساملىق سەنئىتى ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈلگەن. بۇنى تەبىئەتنىڭ كەڭ باغرىغا يېزىلغان مۇكەممەل بىر تارىخىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىش زۆرۈركى، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان بىر تۈركۈم يازما مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ۋە قەدىمكى بۇيۇملاردىن باشقا، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بېزەكلىك مىڭئۆيىنى تازىلاش، رەتلەش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا، سانسكرىت يېزىقى، كۇسەن يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تەرجىمىلەر، ھەر خىل ھۆججەتلەر ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار، يۇڭ ـ يىپەك توقۇلمىلار، ساپال قاچىلار، مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بېزەكلىك» مىڭ ئۆيى يالغۇز بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتخانا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلمىي تەتقىقات، مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرىمۇ زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان.

دېمەك، «بېزەكلىك» ۋە ئۇنىڭدىن تېپىلغان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراس بولۇپ، تۇرپان رايونى-

دىكى قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ۋە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىراق، بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىكى غارلار تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇز-غۇنچىلىققا ئۇچرىغان. تەبىئىي بۇزۇلغانلىرى يىللار، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يامغۇر ئېقىتىپ، بوران ئۇچۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن چىرىپ ئۆرۈلۈپ بۇزۇلغان. سۈنئىي بۇزۇلغانلىرى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، دىن تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلغان، بەزى غارلارنىڭ تاملىرىدىكى سوۋاق پارچىلىرىدىكى رەسىملەر بىلەن قوشۇپ سويۇپ كېتىلگەن. بەزى غارلار پۈتۈنلەي كولاپ كېتىلگەن ياكى ئويۇپ كېتىلگەن. بەزى غارلاردىكى تام رەسىملىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمان ئاممىسى تەرىپىدىن جى-جىۋېتىلگەن.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا ئەللىرىنى كۆچلۈك جەلپ قىلىۋاتقان بۇ قىممەتلىك مەدە-نىيەت مىراسىنى قوغداش، رېمونت قىلىشقا جىددىي ئەھمىيەت بەرمەكتە.



بېزەكلىك مىڭئۆيى تام رەسىمى، مۇزىكا ئورۇندا-ۋاتقان سازچىلار (قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى، 10 ـ ئەسىر)، رەسىمدە: بۇددا نىرۋاناسىنىڭ مۇخ-لىسلىرى چوڭقۇر تەزىيىگە چۆمگەن، لېكىن، بىر قانچە غەيرىي دىندىكىلەر خۇشال-لىق بىلەن مۇزىكا ئورۇندا-ۋاتقان. بۇ رەسىمنى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا لېكوك بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن.




تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاستانە ۋە قاراغوجا يېزىلىرى تەۋەسىگە جايلاشقان. جەنۇبىدا قوچو قەدىمكى شەھىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 25 مېتىر، پۈتۈن قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ، 8 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. قوچو خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان ئورغۇنلىغان ھۆججەت ـ قولليازمىلار، ھەر خىل ساپال بۇيۇملار، ياغاچ بۇيۇملار، توقۇلما بۇيۇملار، لاي ـ ياغاچ قورچاقلار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، مېۋە ـ چېۋىلەر قېزىۋېلىنغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قۇسلار، ھۇنلار، تۈركلەر، قاڭقىللار (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىياللاردۇر.

ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە



ئەڭ بۇرۇنقىسى 1600 يىللىق، كېيىنكىسى 800 يىللىق جەسەتلەر ساقلان-غاندىن سىرت، قەبرە ئىگىسى دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى مەخسۇس ئاتاپ سىزدۇرغان تام سۇرەتلىرى بار. بۇ سۇرەتلەر ناھايىتى نەپىس، ئۆز-گىچە، جەلپكار ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، بەزىلىرىدە ئەينى ۋا-قىتتىكى قوچو رايونىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى نامايەن قىلىنسا، بەزىلىرىدە ئاي، كۈن، يۇلتۇز، ئاقار يۇلتۇزلار سىزىلىپ، ئاسترونومىيە بىلىملىرى چۈشەندۈرۈلگەن. بەزىلىرىدە ئادەملەر، ئۆيلەر سىزىلغان.

ئاستانه قەدىمكى قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئاستانه قەدىمكى قەبرىستانلىقى ئەسلىدە بىر پۈتۈن قەبرىستانلىق بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە قوچو قەدىمكى شەھىرى خارابىلاشقاندىن كې-يىن قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆي سېلىنىپ، يول ياسىلىپ، بىنەم ئېچىلىپ يەر تېرىلغان. شۇنىڭ بىلەن قەبرىستانلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

قوچو (ئىدىقۇت) قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال ئەتراپى، شى-مالىي ئەتراپى، غەربىي شىمال ئەتراپىدىكى ئاستانه قەبرىستانلىقى ئەينى يىللاردا قوچو قەدىمكى شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت ئاھالىل-رىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن خاتىرجەم، تىپتىنچ ياتىدىغان كۆڭۈل-دىكىدەك ماكانى بولغان. جەسەتلەر ئائىلە ئۇرۇقداشلىقىغا قاراپ ئايرىم دەپنە قىلىنغان. ھەر بىر ئۇرۇقداش بەگلىكلەرنىڭ ئايرىم قەبرىستانلىقى بار بولۇپ، قەبرىستانلىقلار قورام تاشلار بىلەن چېگرىلانغان. بىر قانچە قەبرە ۋە بىر قانچە ئون قەبرە بىر ئائىلە ئۇرۇقداشلىق قەبرىستانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. گۆرلۈكلەر گەمە، لەخمە ۋە يانتۇ شەكىلدە قېزىلغان. ئادەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىللە دەپنە قىلىنغان. بىر ئەر بىلەن ئىككى ئايال ياكى ئۈچ ئايال (چوڭ خوتۇنى ۋە كىچىك خوتۇنلىرى بولۇشى مۇم-كىن) بىللە دەپنە قىلىنغانلىرىمۇ، يالغۇز دەپنە قىلىنغانلىرىمۇ بار. جە-سەتلەرنىڭ ئاز قىسمى ساندۇققا سېلىنغان، كۆپ قىسمى بولىسا بورا

ئۇستىگە ياتقۇزۇلۇپ دەپنە قىلىنغان. گۆرلۇكنىڭ يېنىدا ئۆلگۈچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، يېشى، سالاھىيىتى، دەپنە قىلىنغان يىل، ئاي، كۈن قاتارلىق قەبرە تەزكىرىسى يېزىپ قالدۇرۇلغان. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى بېشبالىقنىڭ مۇئاۋىن ھىراۋۇلى، قوچو ۋالىيسى، قوچو پادىشاھلىقىنىڭ قەلەمدار، ئەلەمدارلىرى، پادىشاھنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە خەنزۇ، قاڭقىل، تۈرك قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان ئاھالىلەر دەپنە قىلىنغان، قوچونىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى بولۇپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق يەر ئاستى مۇزېيى دېيىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، بۇ يەردىن چىققان، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەر ـ ئايال جاڭ شۈننىڭ جەسەدى بار. جاڭ شۈن قوچونىڭ جيەن چاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 558 ـ يىلى) ئۆلگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قوچو خان ئوردىسىنىڭ ياساۋۇل بېگى، كېيىن يانداش بەگ ئوردا سانغۇنى بولغان. جاڭنىڭ ئايالى يەنچاڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 576 ـ يىلى)، يەنى ئېرىدىن 18 يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. جاڭ 50 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، يۈز شەكلى ئورۇق، چېچىنىڭ بىر قىسمى تۈگۈنچەك قىلىنغان، يەنە بىر قىسمى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.68 مېتىر، ھايات ۋاقتىدىكى ئېگىزلىكى 1.73 ـ 1.72 مېتىر، بەدەن ئېغىرلىقى 73 ـ 68 كىلوگرامغىچە بولۇشى مۇمكىن. جاڭنىڭ ئايالى 60 ياشتىن ئېشىپ ئۆمۈر كۆرگەن، تەن تۈزۈلۈشى تولۇق، چېچىغا پۈتۈنلەي ئاق كىرگەن. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.58 مېتىر، ھايات ۋاقتىدىكى ئېگىزلىكى 1.59 مېتىردىن 1.60 مېتىرغىچە، ئېغىرلىقى 51 ـ 46 كىلوگرامغىچە بولۇشى مۇمكىن. بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ئۇلار ئىككىسىنىڭ جەسىتىنى خۇددى ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئەسلىگە كەلتۈردى. جاڭ شۈننىڭ قولى بىلەن ساقلىنى سىلاپ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ تۇرۇشى، ئەينى يىللاردا ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى پىلانلىغاندىكى سالماق روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى جەسەتلەر قىممەتلىك نۇسخا بولۇپ، ئىنسانشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، تېببىي ئىلىم قاتارلىق پەنلەر تەتقىقا- تىدا، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.



ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان «قەبرە مۇئەككىلى» (مىلادىيە 640 ـ يىللار)، ئەينى دەۋرلەردە قەبرىنى ۋە قەبرىدىكى قىممەتلىك بۇيۇملارنى جىن ـ شەيتانلاردىن، كېپەن ئوغرىلىرىدىن قوغدايدۇ، دېگەن قاراش بىلەن قەبرە ئالدىغا بۇ خىل ھەيكەل تۇرغۇزۇلغان.

# سۇلايمان غوجا (ۋاڭ) مۇنارى



سۇلايمان غوجا مۇنارى — تۇرپان تارىخىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئايماق غوجىسى ئەمىن غوجىغا ئاتىدە قىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، ئەسلى «ئەمىن غوجا مۇنارى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، كېيىنچە سۇلايمان غوجىنىڭ نامى بىلەن «سۇلايمان غوجا مۇنارى» دەپ ئومۇملاشقان. «سۇلايمان غوجا مۇنارى» تۇرپاندىكى دۇنياغا مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر ئىسلام دىنى يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپانغا كېلىپ سەيلە — ساياھەت قىلىدىغان مەملىكەت ئىچى — سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ئەمىن غوجا مۇنارىنى ئېكسكۇرسىيە قىلمايدىغىنى يوق دېيەرلىك. ئەمىن غوجا مۇنارى كىشىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. بۇنداق تەسىراتنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرى، مۇنارنىڭ ياسىلىش شەكلىدە كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىك بولۇپ، كۆركەم، ئاددىي، گۈزەل. ئادەتتىكى كۆك خىش ئىشلىتىلىپ ياسالغان مۇنار شۇنچە ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك. ئۇنىڭدىكى مول سەنئەت ئالاھىدىلىكى كىشىگە بىر خىل سۈرلۈك،



مەزمۇت، تەۋرەنمەيدىغان ھەم ئاددىي، پاكىز، مۇقەددەس تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.
يەنە بىرى، ھاياتىي كۈچى بولمىغان ئاددىي بىر خىش مۇنار، ئۆزىنىڭ
ياسىلىش شەكلى، ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلەرگە بىر كۈچلۈك تارىخىي
ئۇچۇرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن
بۇرۇن، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇنداق خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش
ئارقىلىق، ھەيۋەتلىك خاتىرە ئابىدىسى ياسىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋەتەنىنىڭ
بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدۇرىدۇ.

سۇلايمان غوجا مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3 كىلو-
مېتىر كېلىدىغان ئەتراپى ئوچۇق تۆپىلىككە جايلاشقان. تۈپتۈز كەتكەن
ئاسفالت يول بىلەن بىۋاسىتە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. مۇبادا، سەھرا مەن-
زىرىسىنى تاماشا قىلماقچى بولغانلار شەھەر ئىچىدىن پىيادە يېرىم سائەت
ماڭسىلا يېتىپ بارالايدۇ. يول بويىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان
دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئاراملىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئوراپ
تۇرىدۇ، ئۆيلەر مېۋىلىك دەل - دەرەخلەر ۋە ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدا قا-
لىدۇ.

قەدىمىي مۇنار كۆك خىشتا قوپۇرۇلغان، مۇنار چوققىسىدىكى دېرىزى-
دىن باشقا، ئاساسىي جەھەتتىن ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلىتىلمىگەن. مۇنار
سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەدرىجىي ھالدا كىچىك-
لىگەن. مۇنار ئۇلىنىڭ دىئامېترى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 44 مېتىر. مۇ-
نارنىڭ مەركىزىدە خىشتىن قوپۇرۇلغان تۈۋرۈك بولۇپ، خىش بىلەن 72
پەلەمپەي ياسالغان، پەلەمپەي ئارقىلىق مۇنار ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ.
مۇشۇنداق يوغان خىش تۈۋرۈك بولغاچقا، مۇنار ناھايىتى مۇستەھكەم بو-
لۇپ، پۈتكۈل قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. مۇنارنىڭ ئىچى قاراڭغۇ، خېلى
ئارىلىق قالدۇرۇپ كىچىككىنە تۆشۈك قالدۇرۇلغان. شۇڭا، تەبىئىي ھالدا
كىشىلەردە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مۇنار ئۈستىدە تەخ-
مىنەن 10 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىككىنە ئۆي بار، تۆت تەرىپىگە
دېرىزە قويۇلغان.



ئېمىن غوجا بىلەن سۇلايمان غوجا مۇنار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مۇنارنى ياسىغان ئۇيغۇر ئۇستىلار مۇنار ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قۇرۇلۇش سەنئەت ئەنئەنىسىنى، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەقىل- پاراستىنى نامايەن قىلدى. ئاددىي كۆك خىش ئارقىلىق قوپۇرۇپ چىققان نەقىشلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇسىنى ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئۇيغۇر ئۇستىلار ھەر بىر خىشنى قوپۇرغاندا، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ بەزىدە تىك قويسا، بەزىدە ياتقۇزۇپ قويغان، بەزىدە قىيسىق قويسا، بەزىدە كۆپۈنكى شەكىلدە ياكى ئىچىگە كىرگۈزۈپ پېتىنقى قويغان. مۇشۇنداق ئاددىي خىشلار ئارقىلىق مۇنارنىڭ ئاستىدىن ئۇستىگىچە كۆپ خىل گېئومېترىك نەقىش شەكىللەنگەن. دولقۇنسىمان شەكىل، گۈللەرنىڭ شەكلى، رومبا شەكلى... بىرىنىڭ ئارقىغا بىرىنى كىرىشتۈرۈپ كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مۇنار تۈۋىدە تۇرۇپ ئۇستىگە نەزەر سالغاندا، كىشىنى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان سۈرەت ئالدىدا تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

مۇنارنى ياساش سەۋەبىنى مۇنار ئۈلى ئاستىدىكى بىر پارچە تاش ئابىدىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاش ئابىدىنىڭ بۇرجىكىگە ئەجدىھا، گۈللەرنىڭ شەكلى، ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر ئويۇلغان، خەنزۇچە خەت ئويۇلغان تاش ئابىدىدە:

بۈيۈك چىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭغا:

خان ئالىيلىرىنىڭ سادىق چاكىرى، ئېمىن غوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن جاساق × ×سۇلايمان قاتارلىقلار بولىمىز. ئېمىن غوجا × × ھىممىتىگە ئېرىشىپ 83 يىل ئۆمۈر كۆردى. × ×غەمخورلۇقىدا ھېچبىر ئاپەتكە ئۇچرىماي، پۇقرالار كۆپىيىپ، مال- ۋارانلار ئاۋۇدى. خاننىڭ بىزگە قىلغان ھىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر مۇنار ياساتتۇق. ئۇنىڭغا كەم- كۈتىسىز 7000 سەر كۈمۈش خەجلىدۇق، مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇش نىيىتىدە تاشقا خەت ئويدۇردۇق. بۇنداق قىلغىنىمىز، خان ئالىيلىرى ھىممىتىنىڭ ئون مىڭدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى كىشىلەر



بىلىپ قالسۇن. چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئابىدىدە «جاساق × × سۇلايمان» دەپ يېزىشتىن مەقسەت: ئۇ يىللاردا سۇلايمان غوجىغا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تېخى رەسمىي ئۇنۋان بېرىلمىگەن، كېيىن قانداق ئۇنۋان بېرىلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. شۇڭا مەڭگۈگە ساقلىنىدىغان بۇ ئابىدىگە «× ×» دەپ ئورۇن قالدۇرۇلغان. ئابىدىدە ئىمىن غوجا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى مۇنار تىكلىگەنلىكى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. ئىمىن غوجا مىلادىيىنىڭ 1777 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. مۇنار 1778 ـ يىلى 5 ـ ئايدا رەسمىي پۈتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە 230 يىلغا يېقىنلىشىپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان خانلىقى بۈگۈنكى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خان ئوردىسى پىچان تەۋەسىدىكى لۈكچۈنگە جايلاشقان. بۇ مۇنارنىڭ ئوردا جايلاشقان لۈكچۈنگە ياسالماي، تۇرپانغا ياسىلىشى مۇنارنى سالغان ئىمىن غوجىنىڭ ئوغلى سۇلايمان غوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سۇلايمان ئىنانچى خانلىققا ۋارىسلىق قىلىشتىن بۇرۇن، تۇرپانغا بەگ بولۇپ ئۇزۇن مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. سۇلايمان غوجا ئىمىن غوجىنىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانى بىلەن ئاتىسى ئىمىن غوجا بىلەن بىرلىكتە جەڭگە قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان. ئىمىن غوجا ئۆلگەندىن كېيىن سۇلايمان دەرىجە ئاتلاپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنانچى خان بولغان. لېكىن ئۇ ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرۈپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغاچقا، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن جازالىنىپ، بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن.

مۇنار سېلىنغاندا مۇنارنىڭ يېنىغا چوڭ بىر مەسچىتمۇ بىللە سېلىنغان. مەسچىت تەخمىنەن 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ، تۇرپاندىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئەزان ئېيتىش ۋە مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىش



ئۈچۈن ئالدى شەرققە قارىتىلىپ بىر پەشتاق ياسالغان. مەسچىت پۈتۈنلەي تۈۋرۈك ئارقىلىق بادرا ـ بالداقلىق، ياپما تورۇسلۇق شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، تورۇسقا تۈنۈك ئېچىلغان. مەسچىت تۆرىگە مەككىگە يۈزلەندۈرۈپ، مېھراب ياسالغان. مەسچىتنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىگە تالىپلار ئۈچۈن كېسەكتىن گۈمبەزلىك ھۇجرىلار سېلىنغان. مۇنارنىڭ يېنىدا يەنە نەچچە ئونلىغان قەبرىلەر بار بولۇپ، بۇ قەبرىلەر ئىمىن غوجا ۋە سۇلايمان غوجىلارنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەبرىسى ئەمەس، چۈنكى، غوجىلار قەبرىستانلىقى ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان ئاستانە يېزىسىدىكى «ئەلپەتتاھ غوجا» مازىرىنىڭ «ئالتۇنلۇق» قەبرىستانلىقىدا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۇلايمان غوجا مۇنارى مەنزىرە رايونىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىنىپ، ئەتراپى قورشىلىپ، بېتونلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە مۇنارنىڭ ئالدىغا ئىمىن خوجىنىڭ چىيەنلۇڭ خان بەرگەن دەستەكنى تۇتۇپ تۇرغان ھەيكىلى ئورنىتىلىپ، بۇ يەرگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇلدى.

سۇلايمان غوجا مۇنارى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىدىكى يەنە بىر كارامەت، مۇشۇ خىل قۇرۇلۇش شەكلىدىكى مۇنارنى مەملىكەتتە پەقەتلا بىر دېيىشكە بولىدۇ.



ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ توقمىقىغا تەقلىد قىلىپ
ياسالغان غايەت زور تېرمومېتىر

# تەيزاك (ستوپا) مۇنارى

## (تەيزاك مۇنارى «ستوپا» قانداق مۇنار؟)

تەيزاك مۇنارى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزا مەركىزىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. مۇنارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 36 مېتىر، غەربتە تۇرپان شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبتا قوچو قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تەيزاك مۇنارى تىپىك بۇددىئىزم ستوپاسى بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا ياسالغانلىقى توغرىسىدا يازما ماتېرىيال يوق. لېكىن، ئۇنىڭ ئەينى چاغدا قوچو خانلىقىنىڭ خانلىق ئىبادەتخانىسى بولغانلىقى مەلۇم. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مۇنارنىڭ دەۋرىنى مىلادىيە 6 — 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتكەن. شۇنداق بولغاندا، بۇ مۇنار سەككىز ئەسىر ئىشلىتىلىپ، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە چاغاتاي ھۆكۈمرانلىرى تۇرپانغا ئىسلام دىنىنى كىرگۈزگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا تاشلىۋېتىلگەن. «تەيزاك» دېگەن سۆز خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى ستوپا(سۇپىلىق مۇنار) دېگەنلىك بولىدۇ.

تەيزاك مۇنارىنىڭ كۆلىمى 939 كۋادرات مېتىر. ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ. مۇنار جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ سەل قىيپاش ھالەتتە چاسا شەكىلدە ياسالغان. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 36 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 34 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (قېلىنلىقى) 12 ـ 8 مېتىرغىچە كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئىچى



چاسا شەكىلدىكى بوشلۇق بولۇپ، ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتا بۇددا پائالد-
يىتىنى ئېلىپ بارغان سورۇن بولۇشى، جەنۇبىي تېمىدىكى كەڭلىكى
ئۈچ مېتىر كېلىدىغان ئوچۇق ئورۇن ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكى بولۇشى
مۇمكىن. شىمالىي تامنىڭ غەربىي تەرىپى بەش مېتىر كەڭلىكتە ئۆرۈلۈپ
كەتكەن بولۇپ، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇپ ئېتىۋېتىلگەن. مۇ-
نارنىڭ شەرقىي تېمىدا ئۈچ رەت بۇت تەكچىسى، ئۈستۈنكى رېتىدە
جەمئىي ئالتە ئويۇق بۇت تەكچىسى بار، ئەڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تەك-
چىنىڭ تۆرىسىدە ئازراق تام رەسىمى ساقلىنىپ قالغان. ئوتتۇرىدىكى
رەتتە ھەم ئاستىنقى رەتتە بۇت تەكچىسى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەيزاڭ
مۇنارىدا بىر چوڭ بۇت بار بولۇپ، ئۆتكەن ئەسرنىڭ 20 ـ يىللىرى چې-
قىۋېتىلگەن. بۇ يەرگە يەنە غەربىي تېمىغا ئۆتۈشۈشكە بولىدىغان كارى-
دورلۇق كېمىرلەر قېزىلغان. شىمالىي تەرىپىدىكى كېمىر جەنۇبتىن
شىمالغا قارىتىپ، ئوتتۇرىسىدىكى كېمىر بولسا شەرقتىن غەربكە قارىتىپ
قېزىلغان. بۇ يەردە يەنە ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، كەڭلىكى ئىككى
مېتىر كېلىدىغان بىر ئەگمە كارىدور بار. ئۇنىڭ جەنۇبىدا جەنۇبتىن
شىمالغا قارىتىپ قېزىلغان ئۇزۇنلۇقى 8.5 مېتىر كېلىدىغان بىر كېمىر
بار. بۇ كېمىرلەر ئېھتىمال راھىبلارنىڭ ياتىقى بولۇشى مۇمكىن.

غەربىي تام ۋە جەنۇبىي تاملاردا بۇت تەكچىلىرى ساقلانمىغان. مۇنار-
نىڭ كۆپ قىسمى تۇرپاننىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش شەكلى بولغان سېغىز
توپىنى خاڭداش، چىڭداش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان، ناھايىتى ئاز
بىر قىسمىغا كېسەك ئىشلىتىلگەن. مۇنارنىڭ ئىچىدىكى تامدا ئەينى
ۋاقىتتا لىم ـ بادرا قويۇلغان تۆشۈكلەرنىڭ ئىزلىرى بار بولۇپ، ھازىرمۇ
ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، تەيزاڭ مۇنارىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەي-
تىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى. 1954 ـ يىلى تۇرپان ناھد-
يىسى مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ قوغدىغان، 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2 ـ تۈركۈمدە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىت-

كەن. 1999 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى قوغداش بەلگىسى ئورناتتى، قوغداش دائىرىسىنى بېكىتتى، يەردىن پايدىلىنىش گۇۋاھنامىسى بېجىردى. 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن 5 ـ تۈركۈمدە «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلدى.

2005 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى قارمىقىدا تەيزاك مۇنارىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئادەم قويۇلۇپ قوغدالماقتا.

ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قىممەتلىك تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 1930 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىمۇ بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە مۇنار ئۈستىدە قىزىل رەڭدە «جېڭيۈەننىڭ 7 ـ يىلى» دەپ يېزىلغان خەتنى كۆرگەن.

قىسقىسى، تەيزاك مۇنارى شىنجاڭدىكى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى، دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان بۇددا بىناكارلىق خارابىسى بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ تارقىلىشىدىكى مۇھىم ئورۇن. جۇڭگو ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى ۋە بىناكارلىق تارىخى، دىن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، تۇرپاننىڭ خام توپا قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.




توقسۇن بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «كۆرجەي» ناملىق بىر بازار بار بولۇپ، بۇ جايىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 7 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە «تەگرىتاغ» تىزمىسىنىڭ جەنۇب ئېتەكلىرىگە مەنسۇپ بولغان «پەنجىرتاغ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر ھەيۋەت تاغ بار. «پەنجىرتاغ» دېگەن بۇ نام ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن تاشلارنىڭ يۈزىدە ھاسىل بولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ كاۋاكچىلار ۋە پەنجىرسىمان تۆشۈكچىلەرگە قاراپ قويۇلغان، قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ جاي مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە.



كۆرجەي قىياتاش رەسىمى بار جايىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرى تاغلىق ھەم تاشلىق رايون، ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا بار. بۇ دەريا ئادەتتىكى چاغلاردا ئانچە چوڭ ئەمەس، قىياتاش رەسىمى بار يەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ مەھەللىسى ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىقلىرى بار. غەربىي قىرغىقى تاغقا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، تاغ باغرىدا خېلى كۆپ ساندا كۆمۈركان قۇدۇقلىرى ھەم بىر يېزا يولى بار. مۇشۇ يول بىلەن ماڭسا قىياتاش رەسىمى بار يەرگە

بارغىلى بولىدۇ. تاغلار ئارىسىدىكى بەزى قىيالىق تاشلار خۇددى ھەرىنىڭ ئۇۋىسىدەك ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەچكە، يەرلىك ئۇيغۇرلار شۇنىڭغا قاراپ، «پەنجىر تاغ» دەپ ئاتىغان. قىياتاش رەسىمىنىڭ كۆلىمى، يەنى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قىسمى تەخمىنەن 25 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كۇرجەي قىياتاش رەسىمىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى، قىياتاش رەسىمگە سىزىلغان سۇرەتلەرنى ھازىرمۇ ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىمى ئەسلىدە بىر پارچە، ئۇزۇنلۇقى 30 ـ 25 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن توققۇز مېتىر كېلىدىغان، بىرىكمىسى ناھايىتى بوش بولغان قىياتاشقا ئويۇلغان. بۇ قىياتاشنىڭ بىرىكمىسى بوش بولغاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەردە بوران كۆپ چىققاچقا، بىر قىسىم رەسىملەرنى بوران ئۇچۇرۇپ، يامغۇر ئېقىتىپ كەتكەن.

پەنجىرتاغ تاش رەسىملىرى غولنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا كۆپ ۋە زىچ، ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلىرى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سانىغانـدا، تـۆت نۇقتا (ئورۇن)دا 25 گۇرۇپپا؛ غەربىي قىرغاقتا ئازراق بولۇپ، ئېنىقلانغان ئىككى نۇقتا (ئورۇن)دا ئالتە گۇرۇپپا رەسىم بار.

بۇ قىياتاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دىققەت بىلەن قارىسا، ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قىيپاش تەكشى يۈزىگە ئويۇلغان بىر مۇنچە بۇلاق، ئېقىن، كۆلچەك، تارماق ـ تاراملار، ئوقيالىق ئادەم، ئەجدادلىرىمىز تۇتىم قىلغان ھايۋانلاردىن غولجا، ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار ۋە ھەر خىل تامغا، بەلگە ـ نىشانلارنى، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، ئىر ـ ماش ـ چىرماش نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قارىماققا ناھايىتى ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن «تاش خەرىتە سىخمىسى»نىڭ ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قىممەتلىك «تاش خەرىتە سىخىمىسى» نەچچە مىڭ يىللىق جۇدۇن ـ چاپقۇنىنىڭ سوقۇشى، كۆچلۈك كۈن نۇرىنىڭ چېقىشى بىلەن چاك كېتىپ، يېرىلىپ، خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان 50 ـ 40 كە يېقىن بۇلاقبېشى، ئېقىن سۇ، كۆل-

چەك ۋە بىر مۇنچە ھەر خىل قىياپەتتىكى ھايۋانات رەسىملىرىنى بىرمۇ
بىر ساناپ چىققىلى بولىدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، تاشقا ئو-
يۇلغان چوڭ ـ كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبىئى، قوشۇلغان جايلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ بەزى كۆلچەكلەرگە قويۇلۇپ، ئاخىرىدا بەزى چوڭراق ئېقىنلارنى
ھاسىل قىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىن بۇ كەمگىچە تېپىلغان ھەر خىل قىياتاش رەسىملىرى
ئىچىدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئېپتىدائىي
«ئاناسىر» كۆز قاراشلىرىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل خىسلەتلىك
«تاش خەرىتە»نىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىيا تاش جايلاشقان جىلغا قىشلىقى ئىللىق، ياز كۈنلىرى سالقىن،
ئوت ـ چۆپ، سۈيى ئەلۋەك بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتى بىلەن ناھايىتى
قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش كۆچۈرۈشى ۋە تەرەققىيا-
تىدا مۇھىم پائالىيەت مەيدانى بولغان. ئۇلار ماكانلىشىپ ئوۋچىلىق قى-
لىش، مال ـ چارۋىلارنى قولغا ئۆگىتىش، قول سانائەت ۋە دېھقانچىلىق
ئىشلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن. قىيا تاش رەسىملىرى
«تاش خەرىتە» بولۇشتىن سىرت يەنە «قەدىمكى زامان سۇ سىستېمىسى
سىخېمىسى»، «قەدىمكى زامان كارىز قۇرۇلۇشى سىخېمىسى»بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئارخېئولو-
گىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساھەسىدىكى ئالىملىرىمىز تۇرپان دى-
يارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل
دەۋرىنى ئەڭ قەدىمكىلىرىنى 6000 يىل، كېيىنكىلىرىنى 4000 يىللىق تا-
رىخقا ئىگە دەپ بېكىتكەن.



پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىمى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا توقسۇن ناھىيىلىك
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن
تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن ھەم شۇ ئاساستا خاتىرىسى ئىشلىنىپ، ئارخىپى
تۇرغۇزۇلغان.

پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرى تەڭرىتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە
دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ئورۇنلىشىشى بىر قەدەر زىچ، سانى كۆپ،



مەزمۇنغا باي، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە
ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەمۇنىسى بولۇپ، بۇ تاش ئويما
رەسىمنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ ھەققەتەن قەدىمكى سۇ
سىستېمىسى خەرىتىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئادەملىرى
ئۈنۈملۈك پايدىلىنىۋاتقان خەرىتىلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نۇسخىسى ئى-
كەنلىكىنى، بۇ خەرىتىنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن
قىممەتلىك مىراس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

قىياتاش رەسىملىرىنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئاساسەن كۆپ ھال-
لاردا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ رەسىمى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، رەسىم سىزىقلى-
رى ناھايىتى ئېنىق، ھەر خىل ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى ناھايىتى جانلىق،
بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئېھتىمال بۇ يەردە ئەينى زامانلاردا ناھايىتى تە-
رەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن بىر دەۋر بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قى-
ياتاش رەسىملىرىمۇ دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى.



ياز پەيزى




تۇيۇق—پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جىلغا «تۇيۇق چوڭ جىلغىسى»دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جىلغا ھازىر تۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى ئېچىش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساياھەتچىلەرنى بارغانچە جەلپ قىلماقتا.

تۇيۇق چوڭ جىلغىسى شەرقتە پىچان ناھىيە بازىرىغا 46 كىلومېتىر، غەربتە تۇرپان شەھىرىگە 47 كىلومېتىر، غەربىي جەنۇبتا قوچو قەدىمكى شەھىرىگە 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ نەچچە يۈز كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئىدىقۇت تېغىدىكى ھەر قايسى جىلغىلار ئىچىدە مەدەنىيەت تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تەبىئىي مەنزىرىسى ئەڭ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم جىلغىدۇر.

تۇيۇق جىلغىسىنىڭ شىمالىي تەرىپى 312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بويىغا جايلاشقان سۈبېشى كەنتىگە، جەنۇب تەرىپى تۇيۇق يېزىسىدىكى قەدىمىي مازارئالدى كەنتىگە تۇتىشىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 1 كىلومېتىر. جىلغىنىڭ ئىچىدە ئىدىقۇت تېغىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا بار، چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 831.7 مېتىر. تۇيۇق جىلغىسى ئىدىقۇت تېغىنى شىمالدىن جەنۇبقا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، رەڭلىرى روشەن تاغ جىنس-

لىرنى ئېنىق كۆرگەن كىشى تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك خاسىيىتىدىن ھەيران بولماي قالمايدۇ.

تۇيۇق جىلغىسى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ سىرلىق تۇسكە ئىگە جاي. 19 ـ ئەسىردىن بۇيان، بۇ جاي روسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. بۇ جايدا چوقچىيىپ تۇرغان غەلىتە تاشلار، جىلغا ئىچىنى بويـ لىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە 16 بەگلىك دەۋرىدە قېزىلغان تۇيۇق مىڭئۆيلىرى، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان مەسچىت، يەنە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار. ھەيۋەتلىك جىلغا، ئۇزۇن تارىخ، قويۇق مەدەنىيەت تۇسى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەھەللىسى، ئۇـ زۇن مەنبەلىك سېرىق تۇپراق مەدەنىيىتى، ياپيېشىل تەكزارلىق مەنزىرىـ سى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ سىرلىق، ئۆزگىچە، ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىـ رىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

تۇيۇقنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. تۇيۇق جىلغىسىنىڭ غەربىي جەـ نۇبىغا 5 ـ 4 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆل ـ باياۋاندا غىل ـ پال كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دۆڭلۈكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ دۆڭلۈكلەردە قەدىمكى ئاھالىلار ياسىغان تاش بۇيۇملار بايقالغان. دۆڭلۈكلەرنىڭ ئاستىغا بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى تۇيۇقلۇقلارنىڭ قەبرىسى جايلاشقان. ئۇ يەردىن شەكلى ئۆزگىچە، پارقىراپ تۇرىدىغان مىس بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، قەدىـ مىي تارىخىي مەدەنىيەتنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئەتراپىغا قەدىمكى ئىزلار كۆپ جايلاشقان. جىلـ غىنىڭ شىمالىي ئېغىزىدا غۇز، قۇس، قوشلار قەبرە رايونى بايقالغان، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا بۇ جايدىن كروران گۈزىلىگە ئوخشاش «سۇـ بېشى گۈزىلى»نىڭ قۇرۇق جەسىتى ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارـ لىقلىرى بايقىلىپ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تۇيۇق يېزىسىنىڭ مازارئالدى كەنتى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي



قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەنتى. بۇ كەنت يېشىل مۇنارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىتنى چۆرىدەپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە بار. بۇ كەنتتە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

تۇيۇقتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن بايقالغان تام رەسىملىك بۇددا غارلىرى خارابىسى يەنى «تۇيۇق مىڭئۆيلىرى» ساقلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام تۈسىگە ئىگە سىرلىق نىقابلىق «ئەسھابۇلكەيف» جايلاشقان، ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ مەشھۇر مازارلارنىڭ بىرى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇيۇق بۇددا غارلىرى خارابىسىدا جەمئىي 94 غار بولۇپ، هازىر ساقلىنىپ قالغىنى 46، ئۇلار جىلغا ئىچىگە 2 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەندە شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتىكى تىك يارغا جاي-لاشقان. بۇ غارلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ئىككى جىن دەۋرى ياكى 16 بەگلىك دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ جايدىكى بۇددا غارلىرى قايتا ياسالغان، شۇڭا بۇ جايدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى لېكوك بۇ جاي-دىن 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرگە ئائىت نۇرغۇن هۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ هۆججەتلەر قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇهىم تارىخىي ماتېرىياللىرى بولۇپ، ئەينى تارىخىي دەۋردىكى تۇرمۇشنى چۈشىنىشتە مۇهىم رول ئوينايدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرىدىن تېپىلغان «غەر-بىي ئايماق خەرىتىلىك تەپسىراتى»دا «تۇيۇق» نامىنى خەنزۇچە «دىڭ گۇكۇ» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «دىڭ گۇكۇ مىڭئۆيلىرىدە بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلار كۆپ، ئوڭ تەرەپتە لىۇجوڭ (ها-زىرقى لۈكچۈن) ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي تاغ (تەڭرى تېغى) بىلەن بولغان ئارىلىقى 25 چاقىرىم كېلىدۇ، غەربكە 20 چاقىرىم ماڭسا، ئاستانىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانىلار تاغقا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق، ئىبادەتخانا،

ئېتىكاپخانىلىرى كۆپ، ئادەملەر ئېغىزىنىڭ ئىچكىرىدە تۇرىدۇ. بايرام، مۇراسىملاردا ھەر خىل ئۇچقۇن چىقىرىدىغان رەڭلىك ساليوتلار ئېتىلىدۇ. بۇ كۇنى ئاي، يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىبادەتخانا يېنىدا ھەيۋەتلىك بۇددا مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە شەرقتىن غەربكە ئۆتۈشكىلى بولىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، مۇئەللەقتىكى ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشايدۇ». مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددا دىنىي گۈللەپ راۋاج تاپقان تۇيۇقنىڭ قىياپىتى ئىدى. «دىڭ گۇكۇ» دېگەن بۇ سۆز ھازىر تۇيۇق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇچە نامى بولۇپ، دىڭ گۇكۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «غولدىكى ئاھالىلەر، ئېغىزدىكى ئاھالىلەر، جىلغا ئىچىدىكى نوپۇس» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «دىڭ گۇكۇ» بىلەن تۇيۇقنىڭ ھازىرقى خەنزۇچە نامى «تۇيۇگۇ» نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىمۇ ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. 9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «تۇيۇق» دېگەن بۇ ئۇيغۇرچە يۇرت نامى ئاللىقاچان قوچو رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، خەنزۇچە خاتىرىلەر ۋە باشقا يېزىقتىكى مەنبەلەردە ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق ۋە ئۆزگىرىشلەر بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇيۇق غارلىرى ئاندىن قوغداشقا ئېرىشتى. بىراق بۇ چاغدا 90% غار گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن، ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تۇيۇق مىڭئۆيلىرى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيى ۋە تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن قالسىلا مۇھىم بۇددا مىڭئۆيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسھابۇلكەيفمۇ تۇيۇق جىلغىسىدىكى بىر تۆپىلىككە جايلاشقان. «ئەسھابۇلكەيف» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «غاردا ياتقان كىشىلەر»، «غاردىكى ساھابىلەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تاغ قاپتىلىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر غار بولۇپ، ھازىر غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا گۈمبەزسىمان قۇرۇلۇش ياسىلىپ، ياغاچ رىشاتكا بىلەن توسۇۋېتىلدى. غارنىڭ ئىچىدە 6 ئەۋلىيا قالدۇرۇپ كەتكەن ياغاچ كالتەك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا كىمكى شۇ كالتەكنى سىيلىسا بالا ـ قازالاردىن خالاس بولىدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار بۇرۇن قوچو

شەھرىنىڭ ئورنىدا بىر پادىشاھلىق بولۇپ، شاھنىڭ ئىسمى «دەقيانۇس» بولۇپ، بۇ جاي «دەقيانۇس شەھرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. دەقيانۇسنىڭ كۈچى زورايغانچە تىرىسكە پاتماي، ئۆزىنى مەن «تەڭرى» دەپ جاكارلاپتۇ ۋە ھيلە ئىشلىتىپ خەقنى ئىشەندۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا يەمەن پادىشاھنىڭ بەش ئوغلى بۇ «تەڭرى»نى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن دەقيانۇس شەھرىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ھيلىسىنى بىتچىت قىلىپ، تەڭرى ئەمەسلىكىنى پاش قىلىپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن دەقيانۇس نەۋكەرلىرىگە ئۇلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. بەش يىگىت شەرققە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، يول بويىدىكى بىر پادىچى بىلەن ئىتىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپتۇ. بۇ ئالتەيلەن قېچىپ مېڭىپ ھازىرقى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە «باشقا ياققا ماڭساق تۇيۇق بولۇپ قالىمىز، ئەڭ ياخشىسى جىلغا ئىچىگە قاراپ قاچايلى» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ ئىسمى «تۇيۇق» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ساھابىلەر جىلغىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز بىر كارامەت يۈز بېرىپ، تۇيۇق جىلغىسىنىڭ غەربىي يان باغرىدا بىر ئۆڭكۈر ئايان بوپتۇ. ئالتە ئادەم ۋە بىر ئىت ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، كۆك كەپتەرلەر ئۇۋا ياساپ ساھابىلارنى يوشۇرۇپتۇ. دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى بۇ يەرگە ئىزدەپ كېلىپ، قاچقۇنلارنى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ. ئالتە ساھابە ۋە بىر ئىت ئۆڭكۈرگە شۇ كىرىپ ياتقانچە 300 يىل ئۇخلاپتۇ. ئۇلار ئويغىنىپ، قورسىقى ئېچىپ نان سېتىۋالماقچى بولۇپ سىرتقا چىقسا، ناۋايلار ئۇلارنىڭ ئۇسۇپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرىغا، قوللىرىدىكى كونا يارماقلارغا قاراپ ھەيران قېلىپ: «بۇ يارماق دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىكى يارماقلار ئىكەن» دېيىشىپتۇ. تەڭرى بۇ ساھابىلەرنىڭ تارتقان جەبرى ـ جاپالىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆڭكۈر ئىچىدىن غايىبانە يول بېرىپ، ئۇلارنى رۇمغا ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ساھابىلەر ھېلىمۇ ئۆيقۇدا ياتقۇدەك دېيىلگەن.

بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى رىۋايەت بولۇپ، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئەسھەبۇلكەيف مازىرىغا ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر سېلىنىپ، مۇسۇل-

مانىلارنىڭ ئالىي زىيارەتگاھىغا ئايلانغان. «قۇرئان»دىكى بىر ئايەتتە غار ۋە غاردا ياتقان ساھابىلار ھەققىدە زىكىر قىلىنغان، تەپسىر كىتابلىرىدا ئەسھابۇلكەيفنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. 17 ـ ئەسىردە ئاق تاغلىق غوجىلارنىڭ سەردارى ئاپئاق غوجا سۇلۇك تەرىقىتىنى تارقىتىش سەپىرىدە ئەسھابۇلكەيف مازىرىغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغان. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ جاينىڭ نامى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان، «كىچىك مەككە»دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە يەنە لۈكچۈن غوجىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرى؛ ئىمىن غوجىنىڭ نەۋرىسى، قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانى، مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زوھۇردىن ھاكىمبەگ؛ 1930 ـ يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما، دىنىي ئالىم ھەمدۇللا داموللام قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى بار.

ھازىر بۇ يەرگە ھەر يىلى نۇرغۇن ساياھەتچىلەر، زىيارەتچىلەر، كىنو ـ فىلىم ئىشلىگۈچىلەر، رەسساملار، فوتوگرافلار كېلىپ، تۇيۇقنىڭ ئۆزگىچە مۇھىتىدىن يېڭى ئىلھاملارنى ئېلىپ قايتىشماقتا.



تۇيۇق مىڭئۆيى

# كارىز



## (كارىز قانداق قۇرۇلۇش؟)

كارىز — تۇرپان دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تارىخىدىكى بۈيۈك ئابىدە ھەم دۇنياۋى كەشپىيات، ئۇلۇغ ئىجادىيەت، خەلقىمىز دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپە.

كارىز قۇرۇلۇشى زور پەم-پاراسەت، يۇقىرى تېخنىكا، كۆپ ئەمگەك كۈچى، كۈچلۈك ئىرادە ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە قۇرۇلۇش بولۇپ، چوڭقۇر سۇلۇق قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يەر يۈزى يانتۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى ئېرىقلىرى ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىدىغان سۇ ئىنشائاتى سەمەرىسىدۇر. بۇ تۇرپانغا ئوخشاش



ئەتراپىنى بوغدا تېغى، تۇزتاغ، قۇمتاغ، چۆلتاغ قاتارلىق تاغلار ئوراپ تۇرغان، يەر تۈزۈلۈشى قازانغا ئوخشايدىغان، ھاۋاسى قۇرغاق، يەر ئۈستى سۈيى كەمچىل، ھۆل - يېغىن ئاز، يەر ئاستى سۈيى مول ۋە سۇ تەركىبى ياخشى، يەر يۈزى يانتۇلۇقى بىر قەدەر چوڭ، يەر ئاستى تۇپراق قۇرۇلۇشى مۇستەھكەم جايلارغا باب كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇنداق يەر شارائىتىدا تەڭرىتاغ قار - مۇز سۇلىرىنى تۇرپان ئويمانلىقىغا قانداق باشلاپ كېلىش ھەققىدە نۇرغۇن ئىزدەنگەن، چۈنكى، شىمال تەرەپ ئېگىز، جەنۇبقا قاراپ ماڭغانسېرى پەسلەيدىغان، يانتۇلۇق پەرقى چوڭ بولغان شارائىتتا تاغ سۇلىرىنى بىۋاستە باشلاپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت تېغى باغرىغا ھەر قايسى غوللاردىن ئېقىپ كەلگەن تاغ سۇلىرى مول يەر ئاستى سۈيى جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ سۇلارنى باشلاپ چىقىشقىمۇ بىر ئىلمىي سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولمىسا بولمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئەجدادلىرىمىز كارىزنى كەشىپ قىلغان.

1986 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆرجەي بازىرىدىن قىياتاشقا ئويۇلغان بىر تاش خەرىتە بايقالدى، بۇ تاش خەرىتىگە ئېقىنلار، كۆللەر ۋە ئىپتىدائىي كارىزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ تاش خەرىتىنى ئالىملار «قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنى بۇنىڭدىن 6000 _4000 مىڭ يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن تارتىپ، ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرى - مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرلەر ۋە قەدىمكى تۈرك خانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىلى 5 - سان) دەپ كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېي ئۆزىنىڭ «غەربىي رايونلاردىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا «شىنجاڭدىكى كارىزلار بۇندىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن دەۋرىدىلا بار ئىدى» دەپ يازغان. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانىدىكى «يىپەك يولىدىكى جۇڭگو كارىزلىرى» ناملىق ماقالىدە: «ياپونىيە گۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېس-

سورى سۇنشياڭ لياڭۋەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن جۇڭگودىكى شىنجاڭ كارىزلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 ـ يىلى يەنى خەن ۋۇدى زامانىسىدا قېزىلىشقا باشلىغان، دەپ قارىدى» دېيىلگەن. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا: «كارىزچىلىق ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونلار ئاھالىسىنىڭ يەر سۇغىرىشتىكى مۇھىم بىر ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ساك ـ سارماتىن قەبىلىلىرىدە خېلى ئومۇمىي تېخنىكا ئىدى. ‹غار ئىز› (كارىز) دەپ نام ئالغان ۋە ‹غارلار›، ‹ئۆڭكۈر› تۇتاشتۇرۇلىدىغان بۇ خىل يەر ئاستى كانال سىستېمىسى گەنسۇ كارىدورىنىڭ توخرى ـ ساكلار ياشىغان قىسمىدا، تۇرپاندا، ئالان قەبىلىلىرى ياشىغان كاۋكازدا ئۆزىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن» دەپ يازغان. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن تۇرپان كارىزلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1980 ـ يىلى ئامېرىكىلىق بىر ئاتاقلىق ئالىم ئۆزىنىڭ ماقالىسىدا: «دۇنيادا 3 كەشپىيات بار، ئۇلار: مىسىردىكى ئەلئېھرام پىرامىداسى، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى ۋە كارىز. ئالدىنقى ئىككىسى ئۆز ۋاقتىدا تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان، ئۇلار ھازىر ئاسارە ـ ئەتىقىغە ئايلاندى. لېكىن ‹كارىز›دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىسى تېخى ئاياغلاشمىدى، بەلكى تا ھازىرغىچە تۇرپان بوستانلىقىنى كۆكەرتىپ تۇرماقتا»دەپ يازغان. كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەردە «كارىز» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە «كار» (ئىش، ئەمگەك)نىڭ «ئىزى» يەنە «ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى» دېگەن مەنىدىكى «كارئىز» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ.

كارىز چېپىشتا ئالدى بىلەن پىشقەدەم كارىزچىلار كەڭ دالىغا چىقىپ، كارىزنى قايسى يۆنىلىشتە چېپىشنى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن كارىز چاپماقچى بولغان دائىرىنى تەكشۈرۈپ، كارىزلارنىڭ سۇلۇق قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، دەريا، كۆل قاتارلىق يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى ۋە يەر يۈزىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن شۇ جاينىڭ يەر ئاستى يوشۇرۇن ئېقىمىنىڭ چوڭ-

قۇرلۇقى مۆلچەرلىنىپ، كارىزنىڭ يۆنىلىشى بەلگىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇلۇق قاتلامنى تېپىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يۆنىلىش بويىچە ئۈچ قۇ- دۇق چېپىلىپ، يىغىلغان سۇ كۆزىتىلىدۇ. سۇلۇق قاتلام مۇقىملاشتۇرۇل- غاندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ قۇدۇق چېپىلىدۇ، قۇدۇقلار تەشمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاياغ قۇدۇقتا بار- غاندىن كېيىن تىلما چېپىلىدۇ. سۇ چىقىش يولىنى تاپقاندىن كېيىن باشقا قاراپ قۇدۇق چېپىلىپ، تەشمە تېشىلىپ، كارىز ئۈستىگە قاراپ ئۇزارتىلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا بىر تەرەپتىن قۇدۇق چېپىپ، بىر تەرەپتىن تەشمە تېشىپ، يۇقىرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە سۇ مىقدارى كۆپىيىپ كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەندە قېزىش توختىتىلىدۇ. كارىز ئادەتتە قۇدۇق، تەشمە، تىلمىدىن تەركىب تاپىدۇ. قۇدۇق تەشمىدىن قېزىلغان توپا ۋە لايلارنى ئۈستىگە چىقىرىش، تەشمىگە يورۇقلۇق ۋە هاۋا يەتكۈزۈپ بې- رىش، كارىزچىلارنىڭ تەشمىگە چىقىپ ـ چۈ- شۈشى، تەشمىنىڭ يۆ- نىلىشىنى بەلگىلەش قاتارلىق روللارنى ئوي- نايدۇ. تەشمە بولسا كا- رىزنىڭ ئاساسى گەۋدى- سى بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يىغىش ۋە يەر ئۈستىگە ئېقىتىپ چى- قىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. تىلما بولسا تەشمە بىلەن كۆلنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. قۇ- دۇق چېپىشتا بىر كىشى



چېپىشقا، بىر كىشى چېپىلىپ چىققان توپىنى غالتەك بىلەن ئارغامچىدا تارتىشقا، يەنە بىر كىشى توپىنى تۆكۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. غالتەك كارىزچىلار قۇدۇققا چۈشۈپ چىقىش ۋە توپا بىلەن لايىنى تارتىپ قۇدۇق ئاغزىغا چىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەشمە چوڭقۇر يەر ئاستىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، لىنىيىسى ئۇزۇن، يورۇقلۇق چۈشىدىغان جايى ۋە هاۋا كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى يوق، قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ئىش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولىدۇ. رىزىنكە ئۆتۈك، مەخسۇس كارىزچىلار كىيىدىغان رىزىنكە كىيىم (بۇرۇن بۇنداق كىيىملەر يوق ئىدى) كىيگەن كارىزچىلار قاراڭغۇ يەر ئاستىدا كارىز چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، خۇددى سۇغۇرغا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرۈپ تەشمە تېشىدۇ. ئەتراپ چىلىق ـ چىلىق سۇ، تۆت ئەتراپتىن سۇ چاچراپ تۇرغان، بەزىدە ئۇستىدىنمۇ يامغۇردەك سۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان شارائىتتا، كارىزچىلار گاھىدا پاتقاق ئىچىدە ئۆمىلەپ، گاھىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، هۆلچىلىككە، قاتتىق سوغۇققا، قاراڭغۇ، جاپالىق ئىش مۇھىتىغا تاقابىل تۇرۇپ توپا قازىدۇ. بەزىدە تەشمە يولىغا قورام تاشلار، هەر خىل قاتتىق جىنسلار ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، تەشمە تېشىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى نەچچە هەسسە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بولۇپمۇ هەر قانداق زامانىۋى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بولمىغان شارائىتتا تەشمىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن يانتۇلۇقىنى بەلگىلەش ئىنتايىن قىيىن. ئەمگەك سۆيەر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلقىمىز ئۇزۇن تارىخى جەريانىدا كارىز چېپىشنىڭ جۈملىدىن تەشمە تېشىشنىڭ نۇرغۇن ئىلغار ئۇسۇللىرىنى ياراتقان. ئۇلار قۇدۇقنىڭ بېشىدىكى غالتەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تەشمە ئىچىگە تاش ئېسىلغان ئىككى تال تانا ساڭگىللىتىش، بۇ ئىككى تال تانا بىلەن كارىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى مەلۇم نىشاننى نۇقتا قىلىپ، تانا بىلەن نىشاننى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلتۈرۈش، كارىز چىرىغى (مايقاپاغ)غا ئاساسەن يۆنىلىشنى بەلگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەشمىنىڭ تۈزلۈكىنى، سۇنىڭ ئېقىش يانتۇلۇقىنى بەلگىلەپ ماڭغان. ئادەتتە قىسقىراق كارىزلاردا 80 ـ 70 قۇدۇق، ئۇزۇن كارىزلاردا 300 ـ 200 قۇدۇق بولىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى

كارىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدە 20 مېتىر، يۇقىرىسىدا 70 ـ 60 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تەشمە كەسمە يۈزىنىڭ شەكلى ئات تاقىسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.7 ـ 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 ـ 0.6 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا كارىز زېمىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، پەقەت كارىز بولغاچقىلا، كارىزلارنىڭ زېمىنى ياشارتقۇچى ئابىھايات سۈيى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۈلىنىپ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرغاچقىلا تۇرپان دىيارىنىڭ گۈزەل، پاراۋان، باغۇ ـ بوستانلىق، تەرەققىي قىلغان بۈگۈنى بولالىغان. ئەسىرلەردىن بۇيان كارىزنى مەركەز قىلغان ھالدا تالاي ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن، كارىز تۇرپان خەلقىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. كارىز بويلىرى تارىختىن بۇيان تالاي ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئارامگاھى، قەھرىمانلارنىڭ جەسۇرلۇق مەيدانى، موسىپىت بوۋايلارنىڭ ياشلارغا ئېتىقاد، غۇرۇر تەربىيىسى بېرىشنى مەقسەت قىلغان مەدداھلىق، مەشرەپ سورۇنى، باللارنىڭ غەرەزسىز ئويۇن ـ تاماشىلىرىدىكى گۈزەل جەننىتى، خانىم ـ قىزلارنىڭ پاكىزلىق، پاكلىق، قىزغىن سۆھبەت بازىسى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، خەلقىمىز ئارىسىدا كارىزغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان گۈزەل رىۋايەت، قىسسىلەر، ناخشا ـ قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن، كۆپلىگەن يەر، جايناملىرى كارىزلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، كارىزلارنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭىدىن يېڭى بوستانلىقلار، ئېكىنزارلىقلار، مەھەللىلەر شەكىللەنگەن. شۇڭا، كارىز ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسى ھەم ئانتروپولوگىيىلىك، گىدرولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە ساياھەت بايلىقى بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى، تارىخىي قىممىتىنى، ساياھەتچىلىكتىكى مۇھىم ئورنىنى يەنىمۇ جەۋلان قىلىپ كەلمەكتە. كارىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرمۇ ياش ئەۋلادلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىپتىخارلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سۇ ئىشلىتىش كۆلىمىنىڭ شىددەت بىلەن



كېڭىيىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ كۆنسېرى تۆۋەنلىشى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ توختاۋسىز قېزىلىشى، سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ كۆپلەپ ياسىلىپ، يەر ئاستىغا سىڭىدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە، كارىزلارنىڭ سۈيى تېز سۈرئەت بىلەن قۇرۇپ، كارىزلار پەقەت ئاسارە ـ ئەتىقىغە ئايلىنىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالماقتا. 1957 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ سانى 1237 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. شۇڭا، كارىز جۇڭگودىكى 3 چوڭ قۇرۇلۇش بولغان سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ ـ خاڭجۇ قانىلىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىرلىق سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇساپىسى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان ئىدى. لېكىن ئازادلىقتىن كېيىنكى 50 يىلدا كارىزلارنىڭ سۈيى توختاپ قېلىش سۈرئىتى 30 پىرسەنتكە يېتىپ، 53 پىرسەنت كارىزنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەن. 1987 ـ يىلى تۇرپاندىكى سۈيى بار كارىزلار 824 گە، 1990 ـ يىلى 725 كە، 2000 ـ يىلى 446 غا، هازىر بولسا 404 كە چۈشۈپ قالغان.

كارىز سۈيى ئۈستى يېپىق قۇدۇقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان بولغاچقا، تومۇز ئىسسىقتىمۇ پارغا ئايلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا تۇرپانغا ئوخشاش هاۋا كىلىماتى ئىسسىق جايلارغا ئىنتايىن باپ كېلىدۇ. كارىز سۈيىنىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيىگە قارىغاندا ئەۋزەللىكى كۆپ بولۇپ، كارىز سۈيى يىراقلاردىن، مۇقەددەس تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان، هەم تەشمە ئېچىدە ئاقىدىغان هەم قۇدۇقلاردىن قۇياش نۇرى چۈشىدىغان «ئەركەك سۇ» بولغاچقا، پاكىز، سۈزۈك، سوغۇق ۋە ساپ بولۇپ، تەركىبىدە مىنېرال ماددىلارمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان يەرلەر ئاسان ئۇسسىمايدۇ، شورلاشمايدۇ، ئادەم ئىچسىمۇ قورساقنى كۆپتۈرۈپ قويمايدۇ، ئادەمگە ئاجايىپ راهەت بېغىشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن غايەت زور ئېلېكتر توكى سەرپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ سۇنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولىدۇ، دېهقانلارغا زور بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. كارىزنى بولسا بىر مەبلەغ سېلىپ كولاپلا قويسا، ۋاقـ

تى ـ ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ تۇرسىلا، سۇيى ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كېلى-
ۋېرىدۇ. يەنە ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى سۇ پومپىسى ئارقىلىق يەر ئاس-
تىدىكى سۇنى مەجبۇرى تارتىپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدا يەر
ئاستى سۈيىنىڭ خورىشى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ، كارىز سۈيى بولسا
ئۆزلۈكىدىن سىرغىپ ئېقىپ چىقىدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيى ئۇ-
دۇللۇق تولۇقلىنىپ، ئانچە زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئەڭ مۇھىم تەرەپ كارىز
سۈيى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك تاغ يىلتىزىدىن ئېقىپ چىقىدىغان
ساپ سۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرپان خەلقىنىڭ باتۇر، ھەققانىيەتچىل،
ئەمگەكچان، ئېتىقادلىق، سەمىمىي، ئەستايىدىل، ئاقكۆڭۈل، كارىز سۈيى-
دەك تىنچلىقنى خالايدىغان، يۇۋاش، يېڭىلىقپەرۋەر خاراكتېرىنىڭ يې-
تىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان، بۇ زېمىندىكى ئەزىمەتلەرنى ھەققىي،
چىن، ساپ نىيەت ئىنسانلىق، كارىز قۇدۇقلىرىدەك تۈز كۆڭۈل خاراكتېرگە
ئىگە قىلغان. دەل مۇشۇ كارىز سۈيىنىڭ خىسلەتلىك كارامىتىدىن بۇ
يەردىكى خەلق ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاجايىپ نادىر مەدە-
نىيەت، مېھنەت ئۆلگىلىرىنى ياراتقان، سەلتەنەتلىك شەھەرلەرنى بەرپا
قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە خاراكتېرى، يۇقىرى
شان ـ شۆھرىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان. شۇڭا، كارىز خەلقىمىز
ياراتقان ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسى، ئۇستى ئوچۇق مۇزېي، تىرىك تارىخ
بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، قەدىمكى دېھقان-
چىلىق، سۇچىلىق ئىگىلىكىمىزنى، خەلقىمىزنىڭ پسىخىك مۇساپىسى-
نى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا، ياش ـ ئەۋلادلارغا ئەنئەنە
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك،
ئەمگەكچان، باتۇر خاراكتېرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كارىزلار شىددەت بىلەن قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە،
ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق تارماقلىرى كارىزلارنى
قۇتقۇزۇش جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1989 ـ يىلى
شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. تۇرپان ۋىلايىتى ھازىر يۇ-
قىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كارىزلارنى



قۇتقۇزۇش، ياشارتىش خىزمەتلىرىنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا. تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدە سۇيى ئۇلۇغ ئىككى چوڭ كارىزنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان كارىز سەيلىگاھى بىلەن كارىز مۇزېيى ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا. دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار كارىز تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا، كارىز سۈيىدىن مىنېرال سۇ ئىشلىنىپ، كارىز سۈيى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنماقتا.






ھۆسنخەتنى روزى مۇھەممەت يازغان، رەسىمنى ئوسمانجان ئابلىز سىزغان




بۈيلۈق ـ دۆلەت تەرىپىدىن « 4A دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە نۇقتىسى» قىلىپ بېكىتىلگەن قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەشھۇر ساياھەت رايونى. تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈزۈمچىلىك يېزىسىغا قاراشلىق «سۇ بېشى»، «ئازنە مەسچىت»، «بۈيلۈق»، « بەشمەھەللە»، «دەپسەنگە» قاتارلىق بەش كەنتتىن تەركىب تاپقان بىر رايوننىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۈيلۈق ئىدىقۇت تېغىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چوڭ جىلغا. تۈزۈلۈشى تار، ئۇزۇن يانتۇ تەكشىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2 ـ 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپى تىك يار، خۇددى چوققىدەك تىركىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئىككى قىرغاقتىكى چوققىلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ، تەبىئىي توساق ھاسىل قىلغان. جىلغىنىڭ ئىچىنى سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇ كېسىپ ئۆتىدۇ. غولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەكلەر (ئۈزۈم تاللىرى) رەتلىك باراڭغا ئېلىنغان بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ يېشىللىققا پۈركىنىپ تۇرىدۇ. تۆت ئەتراپى قويۇق ئۆستۈرۈلگەن تېرەكلەر، گۈل ـ گىياھلار، مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. دېھ-

قانلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرى تاغ يانباغرىغا رەتلىك ئورۇنلاشقان.

«بۇيلۇق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۈزۈملۈك» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈزۈم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بور» دەپ ئاتىلاتتى. تۇرپان شەھىرىدىكى ئۈزۈمچىلىك تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان، ئۈزۈملۈكلەر ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن بۇيلۇقنى «بورلۇق» (ئۈزۈملۈك) دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ. «بورلۇق»دېگەن سۆز كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا «بۇيلۇق»قا ئۆزگەرگەن. بۇيلۇقنىڭ سېھرىي كۈچى نەدە؟

بۇيلۇقنىڭ سېھرىي كۈچى بىر قانچە خىل مەدەنىيەت، بىر قانچە خىل مەنزىرە، بىر قانچە خىل كىلىماتنىڭ گىرەلەشكەنلىكىدە. بۇ يەردىن گىياھ ئۈنمەيدىغان، ئوت پۈركۈپ تۇرىدىغان سىرلىق ئىدىقۇت تېغىنىمۇ، پۈتۈن جىلغىنى قاپلىغان ياپيېشىل تەكلىكلەرنىمۇ، دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلىرى، ياشاش شەكلىنىمۇ، زامانىۋى رېستورانلار، ئىسىل ساياھەت نۇقتىلىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ سېھىرلىك بولۇپ، ئىككى يېقى تاقىر تاغ، تاغ ئۈستىلىرىدە چىرايلىق چۆنچىلەر، يانباغىرلارغا جايلاشقان دېھقان ئۆيلىرى، يىل بويى پىشىپ تۇرىدىغان ئۈجمە، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر، تۇتاش كەتكەن باغلار، جىلغىنى قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن، يىلبويى ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ، ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللەر، قاپ ـ قارا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ھەرخىل دەل ـ دەرەخلەر، ساپ، ئارامبەخش مۇھىت، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلى، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا، يېمەك ـ ئىچمەك بىر گەۋدىلەشكەن ساياھەت مۇلازىمىتى بۇيلۇقنى گويا گۈزەل بەدىئىي سۈرەتكە، رىۋايەتلەردىكى جەننەتكە ئوخشىتىپ قويغان. پۈتۈن بۇيلۇق رايونى تۇتاش ئۈزۈم بارىڭى بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ھەر قايسى ساياھەت نۇقتىلىرى باراڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقان. يولدا كېتىۋېتىپ، قولدىكىزنى سۇنۇپلا مەرۋايىتتەك ئۈزۈمدىن بەھر ئالالايسىز.

بۇيلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا شەرق تەرەپتىكى يارنىڭ ئاستى تەرىپىدە 50 مودىن كۆپرەك كېلىدىغان باغچا بولۇپ، بۇ باغچا 1982 ـ يىلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، مەملىكەت ئىچى

-سىرتىدىكى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇيلۇقتىكى تۇنجى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى بولۇپ ئېچىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ شىركەتلەر بۇيلۇق رايونىغا غايەت زور مەبلەغ سېلىپ، كەينى - كەينىدىن «دارۋاز»، «ئەپەندى »، «بۇيلۇق» مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، ۋاڭ لۇبىڭ سەنئەت سارىيى قاتارلىق داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى قۇردى. 2004 - يىلى مايدا 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇيلۇق ساياھەت ئۈل مۇئەسسەسە دۆلەت قەرز مەبلىغى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇيلۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ساياھەت تاشيولى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، بۇيلۇق رايونىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھەشەمەتلىك دەرۋازا ياسالدى. بۇيلۇق ساياھەت رايونىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئېچىش ستراتېگىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بۇيلۇق ساياھەت رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. 2004 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ، بۇيلۇقنى ساياھەت قىلىشتا بىر بېلەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، 60 يۈەنلىك بىر بېلەت بىلەن بۇيلۇقتىكى بەش چوڭ ساياھەت نۇقتىسىنى ساياھەت قىلغىلى بولىدىغان، بۇيلۇقنىڭ ئىچىدە بېلەت سېتىلمايدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن پېڭ جېن، دېڭ شىياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، لى رۇيخۇەن، چياۋشى، ۋۇ باڭگو قاتارلىقلار بۇ جايغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە، ساياھەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىر بۇيلۇق تۇرپاننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى كۆزنىكى بولۇپ قالدى. ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت قىلىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان، مال سېتىۋالىدىغان، يەرلىك تاماقلارنى تېتىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن تونۇشىدىغان ئۇنىۋېرسال ئورۇنغا ئايلاندى.

ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئائىلە ساياھەتچىلىكى بۇيلۇقتا تېز راۋاجلىنىپ، بۇ يەردىكى دېھقانلارغا ياخشى بېيىش پۇرسىتى ئاتا قىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى

بىلەن بۈيلۈقنى كېسىپ ئۆتىدىغان مەركىزىي يولنىڭ ئەتراپىدىكى بار-لىق ئۆيلەر، دەرۋازىلار، قورشاۋ تاملار بىر خىل مىللىي پاسوندا ياسالدى. ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئائىلە ساياھەت نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ئەۋزەل شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. ھازىر بۈيلۈقتا 300 گە يېقىن ئائىلە ساياھەتچىلىكى نۇقتىسى، بىرلا قېتىمدا 150 مېھماننى كۈتكىلى بولىدىغان رېستوراندىن 4 ى بار. ئەڭ چوڭ ئائىلە ساياھەتچىلىكى نۇق-تىسى كۈنىگە كۆپ بولغاندا 100 گە يېقىن مېھماننى كۈتەلەيدۇ.






يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپاندىكى ئىدىقۇت تېغى (تارىختا يەنە «ـ قۇتتاغ» دەپمۇ ئاتالغان) «يالقۇنتاغ»دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. بولۇپمۇ ئىدىقۇت تېغىنىڭ نامى ۋۇ چېڭئېن ئەپەندىنىڭ «غەربكە ساياھەت»ناملىق رومانىدىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىغان يالقۇنتاغ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سېھىرلىك يەلپۈگۈچ بىلەن ئوتنى ئۆچۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەپسانە بىلەن بىرلىشىپ، ئالەمگە بارغانچە تارالماقتا.

مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۆەنزاڭ (602 ـ 664) ئاتاقلىق راھىبى نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلغان، ئۇ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى» دېگەن مەنىدە «تاڭ سېڭ»دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ مىلادىيە 629 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، خېشى كارىدورى، گۇاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى) ئارقىلىق ئېۋىرغول (قومۇل)دىن ئۆتۈپ قوچوغا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا قوچودا بۇددا دىنى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ، پادىشاھتىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ئىدى. شۇڭا، شۆەنزاڭ بۇ يەردە ناھايىتى تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىنغان. شۆەنزاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، قوچودا 30 نەچچە مىڭ ئاھالە بولۇپ، بۇنىڭ بىر قانچە مىڭى بۇددا

دىنى راھىبى ئىكەن. قوچو پادىشاھى شۆھنزاڭنى ناھايىتى قىزغىن كۈ-
تۈۋالغان ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن غەربكە ئۇزىتىپ قويغان. تارىختا
مۇشۇنداق بىر ۋەقەنىڭ بولغىنى راست، لېكىن، «يالقۇنتاغ»، «سۇن ۋۇ-
كۇڭ»، «با جيې»دېگەنلەر ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بەدىئىي ئوب-
رازلار بولۇپ، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مۇشۇ ئەسەر ئىدىقۇت تېغىنىڭ
نامىنى مەشھۇر قىلدى.

ئىدىقۇت تېغى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ پەس ئويمانلىق، تۇرپانغا جايلا-
شقان بولۇپ، تارىختا تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغان قوچۇ ـ ئىدىقۇت ئۇي-
غۇرلىرىنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ، «قۇت تاغ» (بەخت تېغى)، «ئىدى-
قۇت تېغى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. كېيىن خەنزۇچە مەنبەلەرگە
ئاساسەن «يالقۇنتاغ» دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقان. بورھان شەھىدى
ئەپەندى ئازادلىقتىن كېيىن ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى ئاستانە، قاراغوجا
يېزىلىرىغا «يالقۇنتاغ » گۈڭشېسى دەپ ئات قويۇپ بەرگەن. بۇ تاغنىڭ
شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى
10 نەچچە كىلومېتىر، ئېدىرلارنىڭ ئېگىزلىكى 500 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ
ئېگىز چوققىسى سىڭگىم ئېغىزى ئەتراپىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 850
مېتىر ئېگىز، لېكىن ئەتراپىتىكى يەر يۈزىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز يۈزى-
دىن پەس بولغانلىقتىن، ئاساسىي چوققىلار تېخىمۇ ئېگىز، ھەيۋەتلىك
كۆرۈنىدۇ.

ئىدىقۇت تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدىغان
بوغدا تېغى، جەنۇب تەرىپىگە ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئەڭ
پەس بولغان، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن تۇرىدىغان ئايدىڭكۆل
جايلاشقان. ئىدىقۇت تېغى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئىككى قىسمغا ئايرىپ
تۇرىدۇ. تاغنىڭ شىمالىي تەرىپى تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى يانتۇ چۆكمە
تۈزلەڭلىك، جەنۇب تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان ئويمانلىق. ئىدىقۇت
تېغىنىڭ شىمالىدا تەڭرىتاغدىن كېلىدىغان سوغۇق ئېقىمنى، جەنۇبتا
ئايدىڭكۆلدىن كۆتۈرۈلىدىغان ئىسسىق ئېقىمنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ
تۇرىدىغان جاي بولغاچقا، بۇ يەر ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئىسسىق جاي بو-



لۇپ قالغان. بۇ يەرنىڭ يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى ئاران 10 نەچچە مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 70 گرادۇستىن ئاشىدۇ، بەزى چاغلاردا 82 گرادۇستىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ، «7 ـ ئايدا تاغنىڭ ئۈستىدىن قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ، ئۆتمەكچى بولغان قۇشنىڭ قاناتلىرى كۆيۈپ پۇچۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدىغان تەمسىللەر بار.

ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت بۇ جاي توغرىسىدا نۇرغۇن سىرلىق ئەپسانىلەرنى پەيدا قىلغان. بۇ جايدىكى كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ئەپسانە تارقالغان:

قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغدا بىر ئەجدىھا بار بولۇپ، ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ زىرائەتلەرنى، ئۆيلەرنى، ھايۋانلارنى نابۇت قىلىۋېتىدىكەن. بىر باتۇر يىگىت خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىغا خەنجەر ئېلىپ، ئەجدىھا بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ، ئۇنى ئاخىرى 10 پارچە قىلىپ تىلىپ تاشلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىدىن ھازىرقى ئىدىقۇت تېغى ھاسىل بولغانمىش. ئەجدىھانىڭ بەدىنىدىكى تىلىنغان توققۇز جاي ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز جىلغىغا ئايلىنىپتۇ.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن چىقىرىلغان يەكۈنگە ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت تېغى يورا ئىراسىنىڭ 3 ـ دەۋرىدە شەكىللەنگەن، ئۇ چاغدا بۇ يەر بىپايان دېڭىز بولۇپ، دېڭىز ئاستىدىكى ماگمىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېتىلىپ چىقىپ توپلىنىشى ئارقىسىدا ئىدىقۇت تېغى ھاسىل بولغان. تاغدىكى يېرىلغان جىرالار يۈز مىليارد يىللار مابەينىدە بورانىنىڭ يالىشى بىلەن شەكىللەنگەن. ئۈزۈنىغا جايلاشقان ئۈزۈك جىرالار يەر پوستىنىڭ توغرىسىغا ھەرىكەت قىلىشىدىن ھاسىل بولغان. ئەنە شۇ تەبىئىي كۈچنىڭ قۇدرىتى تۈپەيلىدىن ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئۆزگىچە مۇھىتى شەكىللەنگەن. تاغنىڭ قىزىل چوققىلىرى گويا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەجدىھاغا، تۈگۈلۈپ ياتقان يىلانغا ئوخشايدۇ.

ئىدىقۇت تېغىدا بىر قانچە غول ۋە تاغ ئېغىزلىرى بار، بۇ يەردىن سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى توپلىنىپ ئېقىنغا ئايلىنىپ ئاقىدۇ. غولنىڭ ئىككى چېتى بۆك ـ باراقسان ئورمانلىق، ياپېېشىل ئېتىزلىقلار، باراڭغا

ياماشتۇرۇلغان ھەر خىل تەكلەر ۋە مەي باغلىغان يەل ـ يېمىشلەر بىلەن تولغان. غول ئىچىنىڭ ھاۋا كىلىماتى غولنىڭ سىرتىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. غول ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ھاۋاسى شۇنچە سالقىنلىشىپ، يازنىڭ ئاتەش ئىسسىقىدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ. ئىدىقۇت تېغىدىكى بۇ غوللار ئۇزۇم ۋە باشقا مېۋە ـ چىۋە ئۆستۈرۈشكە لايىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ساياھەتچىلىكنى ئېچىشقىمۇ باب كېلىدۇ.

بىر مەزگىل ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان بۇددا دىنىدىكى مۇخلىسلار بۇددا ساتىۋاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ «ھالال پۇل ـ مال»لىرىنى سەرپ قىلىپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى سالقىن جايلارنى تاللاپ، ماھىر ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تاغ باغرىدىكى ياداڭلىقلارغا غار قازدۇرۇپ، بۇت، ھەيكەللەرنى ئورنىتىپ، مۇنارلارنى ياساتقان. ھازىرمۇ ھەممىلا غوللاردا دېگۈدەك بۇددا تاش غارلىرى، مىڭ ئۆيلەر، ئىبادەتخانىلار، بۇددا مۇنارلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزلىرى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپان «مىڭ دېجو»يالقۇنتاغ ساياھەت ئېچىش چەكلىك شىركىتى ئىدىقۇت تېغى باغرىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، «ئىدىقۇت تېغى ساياھەت رايونى»نى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلار بۇ يەردە يەر ئاستىغا تۇتاش كەتكەن بىر قانچە زال تەسىس قىلىپ، «كالا دېۋە ھەيكىلى»، «غەربكە ساياھەت مەدەنىيەت كارىدورى»، «ئىدىقۇتتىكى مەشھۇر شەخسلەر سارىيى»، «ئىدىقۇت تېغىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەدەنىيەت سىخېمىسى»قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقتى. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ توقمىقىغا تەقلىد قىلىنغان، ئېگىزلىكى 12 مېتىر، دىئامېتىرى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تېرمومېتىرنى ئورنىتىپ، ساياھەتچىلەرگە ئىدىقۇت تېغىنىڭ ھارارىتىنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى. «ئىدىقۇت تېغى خاتىرە تېشى»، «ئەڭ ياخشى سۈرەتكە چۈشۈش ئورنى»قاتارلىقلارنى بېكىتىپ، ساياھەتچىلەرگە قولايلىق ياراتـ

تى.

ئىدىقۇت تېغى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆز باغرىدا يۈز بەرگەن
ساناقسىز سەلتەنەت ۋە زەبۇنلۇقلارغا، دەريادەك ئاققان قان ـ ياشلارغا، تارىخ
تۈگمىنىنىڭ قىسمەتلىك چۆرگىلەشلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ، خۇددى چوڭقۇر
تەپەككۇر ئىلكىدە ئويغا پاتقان، يىللار قامچىلىرى چېھرىگە قات ـ قات
قورۇقلارنى سالغان مۆھتىرەم بوۋايغا ئوخشاش ئىدىقۇت باغرىدا سوزۇلۇپ
ياتماقتا. تىلىم ـ تىلىم، يول ـ يول ئېرىقچىلار، پاكار ـ پاكار تاقىر چوق-
قىلار، قىزغۇچ رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان تاش ـ توپىلار گىرەلىشىپ، ئاجا-
يىپ ساماۋى، مۆجىزىۋى كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئاپئاق قۇياش
نۇرىدا لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇننى ئەسلەتمەكتە. مۇشۇنداق ئۆزگىچە تەبى-
ئىي مەنزىرىسى ۋە مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مەملىكەت ئى-
چى ـ سىرتىدىكى ئالىملارنى ۋە ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ ، ئۆزىنىڭ
بۇ قۇتلۇق ( مۇقەددەس) زېمىنىنىڭ قۇتتاغدەك بوۋىسى ئىكەنلىكىنى نا-
مايان قىلماقتا.



# قۇمتاغ مەنزىرگاھى

گۈزەل ۋە سىرلىق پىچان قۇمتاغ مەنزىرگاھى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپمۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر شەھەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان قۇملۇق بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ نۇقتىلىق مەنزىرگاھلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

قۇمتاغ مەنزىرگاھىدىكى قۇملۇقنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 62 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 40 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 1880 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇمتاغنىڭ شەھەرگە يۈزلەنگەن شىمالىي باغرىدا بۇلاق سۇلىرىدىن شەكىللەنگەن بىر ئېقىن ئويناقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئېقىن قۇمتاغ مەنزىرگاھىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن باشلىنىپ، قۇمتاغنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئېقىپ ئىدىقۇت تېغى تىزمىسىنىڭ باش قىسمى بىلەن قۇمتاغ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن جىلغىغا قۇيۇلىدۇ. باتۇر، ئەمگەكچان پىچان خەلقى مانا مۇشۇ ئېقىن بويىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مېھنەت تەرىنى تۆكۈش ئارقىلىق بىر قانچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر يېشىل بەلۋاغنى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ بەلۋاغدىكى دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر قۇمنى تىزگىنلەش رولىنى ئويناپ، قۇمنىڭ شەھەر رايونىغا قاراپ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، ھەيۋەتلىك قۇمتاغ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئاجايىپ جەلپ قىلارلىق مەنزىرىنى، يېشىللىق بىلەن چۆللۈك ھاۋاسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئارىلىقتىكى سىلىش-



تۇرمىسىنى، جۇملىدىن ئۆزگىچە قۇمتاغ مەنزىرگاھىنى شەكىللەندۇرگەن.

قۇمتاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپى بولسا ئېگىز بولمىغان تاغ چوققىلىرى ۋە ئېدىرلىقلاردىن شەكىللەنگەن چۆللۈك بولۇپ، لوپنۇر چۆللۈكى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر لىنىيىسى — «چۆللۈك يولى» دەل قۇمتاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى بويلاپ ماڭغان بولۇپ، تاڭ دەۋرىگە ئائىت ۋەسىقىلەردە: «چۆللۈك يولىنىڭ ئوڭ تەرىپى بولسا ليۇجۇڭ ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى (ھازىرقى لۈكچۈن بازىرى)، بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا يۈزلەنگەندە شاجو (ھازىرقى دۇنخۇاڭ)غا 1360 چاقىرىم كېلىدۇ. يولدا دائىم قۇم ـ بوران چىقىپ تۇرىدۇ، ئادەم ئاسان ئېزىپ قالىدۇ، ئەتراپتا گىياھ ئۈنمەيدۇ، قۇرغاق، لېكىن بۇلاق بار» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قۇملۇقنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا پىچان ناھىيىلىك ساياھەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار ماتېرىيالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «پىچان قۇمتاغ مەنزىرگاھىدىكى قۇمتاغ تەخمىنەن خەن دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى يەتتە قۇدۇق شامال ئېغىزىدىن كېلىدىغان شامال ۋە داۋانچېڭ شامال ئېغىزىدىن كېلىدىغان كۈچلۈك شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار ھازىرقى قۇمتاغنىڭ ئورنىدا ئۇچرىشىپ ۋە تىنىپ (ئېگىز چوققىلىق قۇمتاغ)نى ھاسىل قىلغان». مىڭ يىللاردىن بۇيان، شامال يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى ۋە پىچان خەلقىنىڭ قۇمتاغ بويىنى يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشى قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن قۇملۇق شەھەر رايونىغا قاراپ بىر مېترمۇ كېڭەيمىگەن.

ياز كۈنلىرى قۇمتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى يېشىللىقنىڭ نەمخۇش، سالقىن ھاۋاسى كىشىگە راھەت بېغىشلايدۇ. لېكىن قۇمتاغدىكى قۇم يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 80 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، قۇمتاغ باغرىدىكى يېشىللىق كىشىلەرنىڭ تومۇزدىن پاناھلىنىدىغان، ھەر خىل بايرام ۋە ئارام كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاھقا ئايلانغان. قۇمتاغ بولسا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھارارىتى، تەركىبىدىكى

ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ موللىقى بىلەن سوغۇقتىن بولىدىغان رېماتىزم قاتارلىق تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە ئۈنۈملۈك شىپا بېرىدىغان ئۈستى ئوچۇق «تەبىئەت شىپاخانىسى»غا ئايلانغان. ھەر يىلى يازدا ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىن نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ۋە بىمارلار ئېكسكۇرسىيە ياكى قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش ئۈچۈن قۇمتاغ مەنزىرگاھىغا كەلمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىچان قۇمتاغ مەنزىرگاھىنى بىر تەبىئىي ئەۋزەللىك دەپ تونۇپ، مەنزىرە رايونىنى ئېچىش ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مەنزىرگاھنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ساياھەتچىلىكتىكى ئۈنىۋېرسال ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. 2004 ـ يىلى دۆلەت قەرز پۇل ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قۇمتاغ مەنزىرگاھىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، مەنزىرگاھ ئىچىنىڭ ئالاقە، مېھمان كۈتۈش زالى، راۋاق، يول، كۆۋرۈك، زامانىۋى ھاجەتخانا، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تاماملاش بىلەن بىرگە، يەنە قۇمئويما ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، تۆگە ۋە ئاپتوموبىل بىلەن قۇم كېزىش، قۇم تېيىلىش، قۇملۇق ۋالېبولى، قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسى قاتارلىق ئۆزگىچە ساياھەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، قۇمتاغ مەنزىرگاھىنىڭ جەلپكارلىقىنى، شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇردى.

نۆۋەتتە، پىچان قۇمتاغ مەنزىرگاھى سىرلىق تارىخىي، زامانىۋى گۈزەل قىياپىتى، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىردىنبىر مەنزىرىسى بىلەن مەملىكەت بويىچە تۆت A دەرىجىلىك مەنزىرگاھ بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا.





# ئايدىڭكۆل

«ئايدىڭكۆل» ـ بۈگۈنكى كۈندە ئالاھىدە چىرايلىق نامى، ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىتى بىلەن تۇرپاندىكى داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

«ئايدىڭكۆل» دېگەن نام ئاپئاق پارقىراپ تۇرىدىغان سۈزۈك كۆل سۈيىنىڭ تەسۋىرىدىن، تۇز كرىستاللىرىنىڭ ئاي نۇرىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىدىن قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، بۇ كۆلنىڭ تۇز كرىستاللىرى ۋە قاسىراق تۇزلىرى داڭق چىقارغان. پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قىياس قىلىشىچە، ئون مىڭ يىل ئىلگىرى ئايدىڭكۆل ئىنتايىن يوغان بىر تاتلىق سۇلۇق كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ھازىرقى كۆلەمدىن مىڭ ھەسسە چوڭ ئىكەن. ئەمما ھازىرقى ئايدىڭكۆلنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئازراق سۇ بولغاندىن باشقا، قالغان يەرلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆلنىڭ ئاستىنى قاپلاپ تۇرغان كۈمۈشتەك كرىستال ھالەتتىكى ئاق تۇزلار قۇياش نۇرىدا زۇمرەتتەك پارقىراپ كىشىگە كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرغان تولۇنئاينى ئەسلىتىدۇ. كۆلنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، كەڭرى كەتكەن ساي، بىر تۈپمۇ دەرەخ ئۈنمەيدىغان چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

ئايدىڭكۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ تۆۋەن نۇقتا، قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ تۆۋەن كۆلدۇر. دۇنيا بويىچىمۇ ئىئوردانىيىدىكى «ئۆلۈك دېڭىز» (392 مېتىر تۆۋەن)دىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئايدىڭكۆل تۇرپان ئويمانلىقى مەركىزىنىڭ قىيپاشراق جەنۇبىغا





جايلاشقان. كۆلنىڭ دائىرىسى تۇرپان ـ پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە چېگرىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 نەچچە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى ئارانلا 8 كىلومېتىر، كۆل ئويمانلىقىنىڭ مەيدانى 152 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇ يۈزىنىڭ كۆرۈنۈشى سوزۇنچاق يۇملاق، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى ئۈچ كىلومېتىر، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئارانلا 0.8 مېتىر كېلىدۇ. بىر يىل ئىچىدە سۇ يۈزى ئورنى- نىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ياز پەسلىدە يەر سۇغىرىشقا سۇ كۆپ سەرپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاسى ئىسسىق بولغاچقا، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ناھايىتى زور. تۇرپان رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەم، چارۋا ـ مال ۋە يەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئېشىپ، ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇلار ئازلاپ كەتكەچكە، سۇ يۈزىنىڭ ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ بارماقتا. قىش پەسلىدە يەر سۇغىرىشقا سەرپ قى- لىنىدىغان سۇ ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارىمۇ تۆۋەن بولغاچقا، سۇ يۈزى- نىڭ ئورنى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئايدىڭكۆل تۇرپان شەھەر بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بو- لۇپ، شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆل بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان يېزا كۆلنىڭ نامى بىلەن «ئايدىڭكۆل يېزىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئايدىڭكۆلدە خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى بولغان تۇز ۋە شور بايلىقى ئىنتايىن مول. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇنلۇقى نەچچە 10 كى- لومېتىر كېلىدىغان بىر تۇزلۇق تاغمۇ بار.

ئىلگىرى ئايدىڭكۆلدە سۇ كۆپ بولغاچقا، ھاۋاسى ئىسسىق بولغان تۇرپاننىڭ كىلىماتىنى تەڭشەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. يې- قىنقى يىللاردىن بۇيان سۇ ئورنىنىڭ كۈنسېرى تۆۋەنلىشى ئارقىسىدا ئايدىڭكۆلدە ھەر يىلى 12 ـ ئايدا سۇ پەيدا بولۇپ، كېلەر يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇپ كېتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، پەسىللىك كۆلگە ئايلىنىپ قالدى. ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ھازىر ئايدىڭكۆلنىڭ سۇ يۈزى

كۆلىمى 36 كۋادرات مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 50 سانتىمېتىر بولۇپ، دېڭىز
يۈزىدىن 164 مېتىر تۆۋەن ئورۇنغا جۇشۇپ قالغان.

ئايدىڭكۆل گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان، ياز كۈنى قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان
چۆلگە جايلاشقان بولۇپ، يول شارائىتى بىر قەدەر ناچار. لېكىن، ئايدىڭ-
كۆلنىڭ نامى مەشھۇر بولغاچقا، بۇ يەرگە ساياھەتچىلەر، ئېكسپېدىتسى-
يىچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ئايدىڭكۆلنىڭ پارلىنىپ، كرىستاللى-
شىپ قالغان كىچىك - كىچىك كۆلچەكلىرى شور ئارشاڭ نامى بىلەن
شىپالىق داۋالىنىش ئورنى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىدۇ. بۇ يەردە پىيادە ياكى
ئېشەك هارۋىسىدا كېلىپ تۇزلۇق ئارشاڭغا چۈشۈپ داۋالىنىۋاتقان كىشى-
لەرنىڭ 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە
تۈركۈملەپ كېلىپ - كېتىۋات-
قانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
تۇرپان ۋىلايىتى ئايدىڭكۆل سا-
ياھەت رايونىنى ئېچىش ئىست-
راتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئە-
مەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشمەكتە.



**ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلى-
قىدىن تېپىلغان ئادەم باشلىق،
يىلان تەنلىك پىر ئاتا بىلەن
غۇز ئانىنىڭ رەسىمى (بۇ خىل
رەسىملەر چۈشۈرۈلگەن ھەر
خىل رەختلەر جەسەت ساندۇق-
لىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قو-
يۇلغان)**

# قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپان قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 96 ـ 76 مېتىر تۆۋەن، كۆلىمى 34 گېكتار كېلىدۇ.

قۇم ۋە قۇملۇق تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ھەمدە تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى. مۇھىت قۇرغاقلاشقاندا قۇملۇق كۆپىيىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياشايدىغان ماكانى تارىيىدۇ. شىنجاڭدا يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇملۇقلار كۆپىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. قۇملىشىش بارغانسېرى كۈچەيدى. نەتىجىدە، ئىنسانلار ياشاشقا بولىدىغان ماكان ئەمەلىيەتتە تارىيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

تۇرپان قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى قۇرغاق، قۇملۇق رايونلاردىكى ھەر تۈرلۈك ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىنى يىغىشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك، پەن ـ تەتقىقات، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان، قۇرغاق، قۇملۇق رايونلاردا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى كىرگۈزۈپ تەربىيىلەيدىغان، مەملىكىتىمىزدىكى قۇرغاق، قۇملۇق رايون نەسىل ماددا بايلىق ئۆسۈملۈكلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ قوغداش ۋە قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداشتىكى تەتقىقات بازىلىرىنىڭ بىرى. مەخسۇس تۈر باغچىلىرىدىن: قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى كلاسسىفىكات-



سىيە ئەۋرىشكىخانىسى، مىللىي دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆچەتزارلىقى، يۇلغۇنلۇق باغچىسى قاتارلىقلار بار. «9 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە قۇرغاق، قۇملۇق رايونلاردىكى ئاز ئۇچرايدىغان، ئەتىۋارلىق، خەۋپ ئاستىدىكى ئۆسۈملۈكلەر رايونى، قۇرغاق قۇملۇقلاردا ئۆسىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر رايونى ۋە ئەتىۋارلىق مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرى رايونى تەسىس قىلىندى.

قۇملۇق باغچىسىدا قۇمنى تۇراقلاشتۇرغۇچى يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار قۇملۇق ئەتىقاتى بىلەن قۇمنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭ قولىنىشىنى ئۆزئارا زىچ باغلاپ تۇرىدۇ. باغچىدا يەنە يېڭى مەنزىرىلىك ساياھەت ئورنى ۋە يىراقتىن كۆرسىتىش پونكىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە خېلى بۇرۇنلا چۆللۈك شامال يالىنىدىن شەكىللەنگەن كۆچمە قۇم بارخانلىرى ھازىر باراقسان ئۆسۈۋاتقان يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلاندى. بۇ يەر تەبىئىي مەنزىرە بىلەن سۈنئىي مەنزىرە بىرلەشتۈرۈلگەن ساياھەت مەنزىلى، شۇنداقلا تۇرپاندىكى دېھقانلار ۋە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى بىرلىكتە بەرپا قىلغان قۇملۇقتىكى يېشىل بوستانلىق بولۇپ قالدى.

باغچىدا تۈر كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈلگەن ئۆسۈملۈك 500 گە يېقىن بولۇپ، 72 ئائىلىگە، 247 ئورۇقداشقا تەۋە، بۇنىڭ ئىچىدە 43 تۈر قۇملۇقلاردىكى ئەتىۋارلىق، خەۋپ ئاستىدىكى ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر باغچا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداشنى مۇۋاپىق ئاساستا بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان ئورمان بەرپا قىلىشنى خېلى بۇرۇنلا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ پايدىلاندى. ئۇرۇق چېچىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە ساياھەتچىلىك كەسپىنى جانلاندۇرۇپ خېلى كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

ھازىر، قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى قۇملۇق باغچىسىغا ئايلاندى. بۇ يەرنىڭ مۇھىتى ئەۋزەل، ئورمانلار ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشتىكى بىر گۈزەل مەنزىرىدۇر.





بۇ جايىنىڭ قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرىنى تەجرىبە قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، تەتقىقات خىزمىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىلىپ، دۆلەت ئىچىدە خەلقئارادىكى پەن-تەتقىقات ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كۈچلۈك ئاساس سېلىنماقتا. تۇرپان ئۆسۈملۈك باغچىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتكە كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى كۈتۈۋالدى. ھەر يىلى بۇ ئۆسۈملۈك باغچىسىغا ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت، پراكتىكىغا كېلىدىغان ئالىم، ساياھەتچى ۋە ئاسپىرانت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.



**قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى**



# ياشلار يولى پىيادىلەر كوچىسى
## ساياھەت ـ مەدەنىيەت مەيدانى
### ئۈزۈمزار سەيلىسى

دۇنياغا داڭلىق تۇرپان شەھىرى ئۈزۈملۈك كوچىسىنىڭ ئەسلى نامى «ياشلار يولى» بولۇپ، 1985 ـ يىلى ياسالغان، 2000 ـ يىلى 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قايتا رېمونت قىلىنىپ ياسالغاندىن كېيىن، «ياشلار يولى پىيادىلەر كوچىسى» دەپ ئاتالغان. كوچىنىڭ جەنۇبىي ئۇچى تۇرپان مېھمانخانىسىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا بۆلىكى بوستان مېھمانخانىسىدىن ئۆتىدۇ، شىمالى نۇرلۇق يولىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1.8 كىلومېتىر بولۇپ، كونا شەھەر يولى، مەدەنىيەت يولى، بوستان يولى ۋە نۇرلۇق يولىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان شەھەر پىيادىلەر كوچىسى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە بىردىنبىر شەھەر ئۈزۈم كوچىسىدۇر.

ئۈزۈملۈك كوچىسى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ياسالغان. كەڭلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدىغان مەركىزىي غول كوچا ۋە ئۇنىڭ ئىككى يېقىدىكى پىيادىلەر كوچىسىغا تىكلەنگەن تۆمۈر جازىلار ئۈزۈنىغا سوزۇلغان يېشىل پەردىنى تىرەپ، بىر چوڭ، ئىككى كىچىك ئۈزۈم كارىدورىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۈزۈملۈك كوچىسىدا ماڭسىڭىز، يېشىل يوپۇرماق، ھەر خىل رەڭلىك ئۈزۈملەر بىلەن بېزەلگەن ئۈزۈم بارىڭى سىزگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. رەڭلىك گرانىت تاش ياتقۇزۇلغان يول يۈزى، سۈت رەڭلىك باراڭ تۈۋرۈكلىرى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا قۇرۇلغان كوچا باشلىرى، نەپىس ئۈزۈم ئىلاھەسى ھەيكىلى قاتارلىقلارنىڭ لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ھەم



زامانىۋى تۈسكە ھەم مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. شەھەرنى باغۋارانلاشتۇرۇشتىكى بۇ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە قۇرۇلۇشنىڭ جۇڭگودىمۇ، ھەتتا دۇنيادىمۇ تەڭدىشى يوق بولۇپ، چېگرا شەھەردىكى يارقىن بىر مەنزىرە دېيىشكە بولىدۇ.

ساياھەت ـ مەدەنىيەت مەيدانى 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 205 مو. بۇ مەيدان كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇنىۋېرسال مەيدان بولۇپ، 3 ئىقتىدار رايونىغا ئايرىلغان: شەرق تەرىپى ئارام ئېلىش رايونى، ئوتتۇرا قىسمى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش رايونى، غەرب تەرىپى سودا رايونىدۇر.

يىغىلىش ئۆتكۈزۈش رايونى پۈتكۈل مەيدان يۈزىدىن 155 سانتىمېتىر پەس ئېلىنغان مەركىزىي مەيدان بولۇپ، شەكلى ئېللىپسقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5350 كۋادرات مېتىر، پائالىيەت مەركىزىنىڭ كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 4000 تاماشىبىن سىغىدۇ. رەئىس سەھنىسىدە 200 دىن ئارتۇق ئەزىز مېھمان ئورۇن ئالالايدۇ. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىككى يېقىدىكى قاپارتما نەقىشلەردە يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار تۇرپانىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ھەمدە مىللىي ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ئويۇلما شەكىلدىكى مەيدان بولۇپ، ئايدىڭكۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان.

شەرق تەرەپتىكى ئارام ئېلىش رايونىدا چىملىقلار يېيىلىپ ياتقان، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، ئۈزۈم كوچىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. «قۇملۇقتىكى ئاي» ناملىق مىس ھەيكەلدە تۇرپانلىقلارنىڭ مىللىيچە سازلىرىنى چېلىشىپ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىۋاتقان مەنزىرە يارىتىلغان. 12 مۆچەلنى ئاساسىي تېما قىلغان، ئاق مەرمەردىن ياسالغان ھەيكەللەر مەركىزىي يولنىڭ ئىككى يېقىدا قاتار تىزىلىشىپ تۇرىدۇ.

غەرب تەرەپتىكى سودا رايونىنىڭ 3 كىرىش ئېغىزىدا ئاق مەرمەردىن ياسالغان 3 ھەيكەل بار. «جاڭ چيەنىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كې-





لىشى»، «كەچ كۈز»، «تۇپراق كۈيى» نام-لىق بۇ 3 ھەيكەلدە تۇرپاننىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، شۇنداقلا تۇرپانلىقلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان مەدھىيىسى ۋە ئىن-تىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

كېچە پەردىسى يېيىلىشى بىلەن، مەيداندىكى رەڭگارەڭ نېئون چى-راغلار بىلەن مەيدان ئەتراپىدىكى ئېگىز بىنالارنىڭ زىننەت چىراغلىرى-نىڭ نۇرلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مەيداننىڭ مەركىزىدىكى مۇزد-كىلىق فونتاندىن لەرزان مۇزىكىغا ماس ھالدا سۇلار ئېتىلىپ چىقىپ، خىلمۇ خىل رەڭلەر دۇنياسىنى پەيدا قىلىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەتنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 56 تال بايراق خادىسىدا رەڭلىك بايراقلار لەپىلدەپ، پۈتكۈل مەيداننى ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، دوستانە، شاد - خۇرام كەيپىياتقا تول-دۇرىدۇ.

جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈمزار سەيلىسى يىپەك يولى ئېچىلغان-لىقىنىڭ 2100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بايرام بولۇپ، گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان 40 نۇقتىلىق بايرامنىڭ بىرى. ئىسلاھات، ئېچى-ۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۇرپاننىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىگە، دۇنيانىڭمۇ تۇرپاننى چۈشىنىشىگە توغرا كەلدى. 1990 - يىلى 3 - ئايدا، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەللەرگە قارىتا تەشۋىقات قىلىش يىغىنىدا 1990 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 8 - ئايدا تۇرپان شەھىرىدە جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈمزار سەيلىسى ئۆتكۈ-زۈش بېكىتىلدى.

تۇرپان ئۈزۈمزار سەيلىسى ساياھەتچىلىك، سودا، مەدەنىيەتنى بىر

گەۋدە، «ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق، تەرەققىيات»نى ئاساسىي تېما قىلغان. توپ نىشانى يىپەك يولىنى ئېچىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سودا ـ سانائەت، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ دوست تۇتۇش، سىرت بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنى، تۇرپاننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشۋىق قىلىش، تۇرپاننىڭ نامدارلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۈزۈمزار سەيلىسى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر بىر قېتىملىق سەيلىدە يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلۈپ كەلمەكتە. ئۈزۈمزار سەيلىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق، تەرەققىيات». 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇرپانلىقلارغا نىسبەتەن ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى. تۇرپان شەھەرلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى، پوجاڭزا ئاۋازلىرى ياڭراپ، 1200 دىن ئارتۇق تىنچلىق كەپتىرى كۆكنى قۇچتى، 2000 دىن ئارتۇق رەڭدار شار ئالقىش ۋە قىقاس ساداسى ئىچىدە كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ «جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈمزار سەيلىسى»نىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. 300 كىشىلىك مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەترىتى، 150 كىشىلىك ياڭگىر ئەترىتى، 50 كىشىلىك نازىركوم ئويناش قوشۇنى، 100 كىشىلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر بەل دۇمباق قوشۇنىدىن تەركىب تاپقان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى 4300 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمان ۋە نەچچە ئون مىڭلىغان ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىغا تۇرپاننىڭ قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىگە ئىگە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرىنى نامايان قىلدى. 9 دانە زىننەت ماشىنىسى تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنى نامايان قىلسا، 40 تىن ئارتۇق تۆگىدىن تەشكىللەنگەن تۆگە كارۋىنى تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى يىراق قەدىمكى زامانغا باشلاپ كىردى. 200 كىشىلىك دېھقانلار موتسىكلىت ئەترىتى مېھمانلارغا ھازىرقى زامان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى

نامايەن قىلدى، 100 ئېشەك ھارۋىسىدىن تەشكىللەنگەن ھارۋا قوشۇنى ئۈزۈمدىن مول ـ ھوسۇل ئېلىنغان مەنزىرىنى كۆرسەتتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شۇ قېتىمقى تۇرپان ئۈزۈمزار سەيلىسى مەزگىلىدە، 7700 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمان تۇرپانغا جەلپ قىلىنىپ، 11 تۈردە ئىقتىساد سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، «مەدەنىيەتنى سەھنە، ئىقتىسادنى باش رول قىلىش» نىشانىغا يېتىلگەن.

تۇنجى قېتىملىق ئۈزۈمزار سەيلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا، ھازىرغا قەدەر ئۈزۈمزار سەيلىسى 14 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىمقىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بولۇپمۇ 10 ـ قېتىملىق ئۈزۈم سەيلىسىدە «مەدەنىيەتنى سەھنە، ئىقتىسادنى باش رول قىلىش»تەك سەيلە ئۆتكۈزۈش فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى ساياھەت بايرىمىغا ئايلاندى، تۇرپان ساياھەتچىلىكىدىكى ۋە ساياھەت تەشۋىقاتىدىكى مۇھىم پائالىيەت بولۇپ قالدى، مەزمۇنى موللىشىپ، شەكلى يېڭىلىنىپ، سەيلە ئارقىلىق داغدۇغا پەيدا قىلىش، ماركا يارىتىش، ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانىغا يېتىلدى. شېرىن ـ شېكەر ئۈزۈم، تەبىئىي مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، شادىمان ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەرزان كۈيلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سانسىزلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. 2004 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 13 ـ قېتىملىق ئۈزۈم سەيلىسىدە «مەدەنىيەتنى سەھنە قىلىپ، ساياھەت ئويۇنى ئويناش» باش تېما قىلىنىپ، پەقەت 10 كۈنلا داۋاملاشقان سەيلە جەريانىدا تۇرپانغا كەلگەن ساياھەتچى 413 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 80 مىليون يۈەنگە يەتتى.



ئۈزۈمزار سەيلىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

# قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش



قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، مەملىكەت دائىرىسىدىمۇ خېلى مەشھۇر بولۇپ قالدى. تۇرپانغا كەلگەن ساياھەتچىلەر مەيلى داۋالىنىش نۇقتىسىدىن، مەيلى ساياھەت نۇقتىسىدىن بولسۇن قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىنى بىر كۆرۈپ بېقىشنى ئارمان قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. دېمەك، تۇرپاندىكى قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى ساياھەتچىلىك بىلەن زىچ بىرىكىپ، تۇرپاننىڭ «كوزىر ماركا»لىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىغا قاراشلىق داۋالاش مەركىزى بولۇپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزا شاڭخو كەنتى 2 ـ مەھەللىسىگە جايلاشقان، بۇ يەرنىڭ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى داڭلىق بوران ئېغىزى بولۇپ، ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە قاتتىق بوران چىقىپ تۇرىدۇ. 1960 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ يەرگە «بەش ئورمان»نامىدا زور كۆلەمدە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، قۇم ـ بوران تىزگىنلەندى. نۇرغۇن قۇم دۆۋىلىرى كېسەللەرنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىدىغان شىپالىق قۇياش ۋاننىسى بولۇپ قالدى.

قۇم دۆۋىلىرى قۇم دانچىلىرىنىڭ ھەر خىل چوڭلۇقتا بولۇشىغا ۋە كۆپ كاۋاكچىلىك قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ھەر خىل مىنېرال ماددىلارنى ئۆزىدە ناھايىتى ياخشى ساقلىيالايدۇ ھەم مۇۋاپىق شارائىتتا ئاجرىتىپ

چىقىرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى قۇملۇقلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 421 مىڭ 683 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 25 پىرسەنتىنى، مەملىكىتىمىز ئومۇمىي قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 63 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تۇرپاندىمۇ قۇملۇقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۇرپاندا قۇياشنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بېكىك ھالەتتىكى ئويمانلىق بولغاچقا، ئويمانلىقتا چۈشكەن قۇياش رادىئاتسىيىسى ئاسانلىقچە سىرتقا تارقىلىپ كېتەلمەيدۇ. ياز پەسلىدە قۇياش رادىئاتسىيىسى تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ۋە تۇپراق، قۇملىرىنى ئوتتەك قىزدۇرۇۋېتىپ، كىشىگە خۇددى قىزىق تونۇر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك سېزىم بېرىدۇ. بۇ خىل شارائىت تەبىئىي ھور مونچىسىنىڭ يەنى ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ داۋالاشنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. قۇم قۇياشتىن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قاتتىق قىزىيدۇ. كىشى قۇمغا كۆمۈلگەندە قۇمنىڭ قىزىقىدىن بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ، كۆپلەپ تەر چىقىشقا باشلايدۇ. تەرنىڭ چىقىشى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ چاغدا كىشى تەر بىلەن نەمدەلگەن قۇمدىن يۆتكىلىپ باشقا ئورۇنغا كۆمۈلىدۇ. بەدەن يەنە قىزىپ يەنە تەر چىقىدۇ. تەر چىققاندىن كېيىن بەدەن يەنە سوۋۇيدۇ. مۇشۇنداق تەكرارلىنىش ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىمدىن كۈندە 5 ــ 4 قېتىمغىچە داۋاملىشىپ، بەدەندىكى ھەر خىل كېرەكسىز ماددىلار ئۈزۈلمەي سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ، قۇم تەركىبىدىكى مېنېرال ماددىلار بەدەنگە سۈمۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە ھارغىنلىق ۋە بەدەندىكى ئېغىرلىق يېنىكلىشىپ، بوغۇملاردىكى ئاغرىقلار ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قۇمغا كۆمۈلگەندە تۇرپاننىڭ ئۆتكۈر قۇياش نۇرى ۋە قۇمنىڭ قىزىتىش تەسىرىدىن بەدەندىكى قان تومۇرلار كېڭىيىپ، قان ئايلىنىش راۋانلىشىدۇ. قان تومۇرلار كېڭەيگەندە يۈرەك رىتىمى تېزلىشىپ، يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتى كۈچىيىدۇ. بەدەن خاراك-



تېرلىق قان ئايلىنىش ياخشىلىنىپ، ئورگانىزمنىڭ ئىقتىدارى ئەسلىگە كېلىدۇ ۋە نورماللىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردىكى قۇمدا ماگنېت تەركىبى بار بولۇپ، بۇ بەدەنگە زور دەرىجىدە شىپالىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك، تۇرپاننىڭ يەر شارائىتى، هاۋا كىلىماتى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، قۇمنىڭ تەركىبى قاتارلىقلار قۇم دۆۋىلىرىگە تەبىئىي داۋالاش سېھرىي كۈچىنى ئاتا قىلىپ، ئىنسانلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىگە شىپالىق بېرىپ كەلمەكتە.

قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش — تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىگە خاس هاۋا كىلىماتى، ئالاهىدە تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ياراتقان بىر تەبىئىي مۆجىزە بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش بىر خىل ئىسسىقلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ فىزىكىلىق داۋالىنىش ئۇسۇلى بولۇپ، هازىرقى مېدىتسىنا ئىشلىرىدىكى توك بىلەن داۋالاش، ئۇۋۇلاپ داۋالاش، قىزدۇرۇپ داۋالاش، نۇر بىلەن داۋالاش ئامىللىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. بۇ يەردىكى قۇمنىڭ ماگنېتلىق تەركىبى يۇقىرى، كۈن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى يېتەرلىك بولۇپ، قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغاندا پەيلەرنى هوزۇرلاندۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، سوزۇلما خاراكتېرلىق رېماتىزم ئاغرىقى، رېماتىزمسىمان بوغۇم ياللۇغى، ئۇششۇك ئاغرىقلىرى، سوزۇلما بەل ـ پۇت ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىق ئاشقازان ـ ئۈچەي ياللۇغى، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئەرلەردىكى مەنىي تۇتالماسلىق، ئاياللاردا ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش، ھەيزنىڭ قالايمىقانلىشىشى، ئاق خۇننىڭ كۆپ كېلىشى، پارالىچ، يەڭگىل دەرىجىدىكى ئىششىق كېسەللىكلىرىگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بار. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسكۇل يېگىلەش، مۇسكۇل قېتىش كېسەللىكلىرىگىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە داۋاملىشىدۇ. قۇمغا دەسلەپتە كۆمۈلگەندە ئادەمگە قاتتىق ئىسسىق تۇيۇلسىمۇ، كۆپ ئۆتمەيلا، بەدەندىن تەر چىقىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى بىلەن قۇم ئىچى تېمپېراتۇرىسى تەڭلىشىپ قالغاندا، ئادەم ئۆزىنى ئىنتايىن راهەت، ئارامبەخش

ھېس قىلىپ، قۇمدىن چىققۇسى كەلمەيدۇ. بەدەن يەڭگىللەپ قالغاندەك، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ. قۇمغا كىرىپ داۋالىنىش ئاز پۇل خەجلەپ، تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان، داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، يىراق - يېقىندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى بىتابلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تەبىئىي ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇرۇشلۇك مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قۇم بىلەن داۋالاش ئور- نىنىڭ ئۈنۈۋېرسال تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇمغا كۆمۈلۈپ دا- ۋالاش ئورنىنىڭ ھازىرقى قۇرۇلۇش كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر، قۇم كۆلىمى 334 مو بولۇپ، 600 كىسەل كارىۋىتى سەپلەنگەن. ھەر خىل داۋا- لاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق. ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ داۋالىنىدىغانلار 10 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن ئاشىدۇ، داۋالاش ئۈنۈمى 92.02% كە يېتىدۇ. قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالاش ئەكس تەسىرى بولماسلىق، داۋالاش ئۇسۇلى ئاددىي، تەننەرقى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى ۋە تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بى- لەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن باشقا يەنە رۇسىيە، تايلاند، مالايسىيا، سىنگاپور، ئامېرىكا، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىنمۇ سەيلە - ساياھەت قىلىدى- غانلار ۋە قۇم بىلەن داۋالىنىدىغانلار كۆپلەپ كەلمەكتە.

124

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى 2003 - يىلى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كېسەللەر داۋالىنىدىغان 334 مو كۆلەمدىكى تۆت دۆۋە قۇملۇقنى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن قورشاپ، ھەيۋەتلىك دەرۋازا بېكىتىپ، قۇمنىڭ پاكىزلىقى، كېسەللەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئەسلىھەلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ تۆت دۆۋە قۇملۇققا تارىختىن بېرى ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «قەھرىمانلار قۇمى»، «- مارجان قۇمى»، «ئاي قۇمى»، «قۇياش قۇمى»دېگەن ناملىرى بويىچە خا- تىرە تاش ئورناتتى. 2005 - يىلى بۇ يەرگە 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ،

470 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمى كۆرگەزمە سارىيى قۇردى. يېقىندا يەنە قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىنىڭ يوللىرى قايتىدىن ياسىلىپ قاتتىقلاشتۇرۇلدى. كۆرگەزمە سارىيىنىڭ ئەتراپىغا دورا ئۆسۈملۈكلىرى بازىسى بەرپا قىلىندى، ھەم قۇملۇقنىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى، ھەم قۇملۇق، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، كۆرگەزمە زالى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆزگىچە داۋالىنىش، ساياھەت مۇھىتى بەرپا قىلىندى.

قۇمغا كۆمۈلۈش بىر خىل داۋالىنىشلا بولماستىن، يەنە كىشىگە بىر خىل چېنىقىش، ئىرادىنى تاۋلاش، دەم ئېلىش، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىمۇ ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى 6 ـ ، 8 ـ ئايلاردا قۇم بىلەن داۋالىنىش ئورنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن كېسەللەر، زىيارەتچىلەر بىلەن تولۇپ، ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ھەر خىل مىجەز، ھەر خىل قاتلامدىكى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ پىكىر ئالماشتۇرغىلى، تەبىئىي ئىسسىق، كۆپكۆك قۇملۇق، ياپيېشىل ئورمانلىقتىن بېزەلگەن تەبىئىي مۇھىتتا ئارام ئالغىلى، يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 70 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشىدىغان قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش بىلەن بىرگە، ئىرادىنى تاۋلىغىلى بولىدۇ.



قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىدىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمى كۆرگەزمە سارىيى



# چۈنچە

تۇرپانغا كەلگەن ساياھەتچىلەر ئېگىز تۆپىلىكلەردە، دېھقانلارنىڭ ئۆگزىلىرىدە چىرايلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، تۆت ئەتراپىغا نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر قالدۇرۇلغان، گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاش قۇرۇلۇشنى كۆرگىنىدە ھەيران قېلىشىدۇ. بۇ دەل «جۇڭگونىڭ يېشىل مەرۋايىتى»-دەپ داڭلىنىدىغان يېشىل قۇرۇق ئۈزۈم قۇرۇتىلىدىغان چۈنچىدۇر.

چۈنچە ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان خانە بولۇپ، قۇرغاق ئىسسىق شامال ھەم ئاپتاپ چۈشمەيدىغان سايە مۇھىت ئارقىلىق ھۆل ئۈزۈمنى تەبىئىي يېشىل قۇرۇتىدۇ. چۈنچە پۈتۈنلەي ياغاچ ـ كېسەك قۇرۇلمىدىن ياسىلىدۇ، كۆپىنچىسى ئۇزۇنىسىغا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 ـ 5 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 5 ـ 3 مېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 3.5 ـ 3 مېتىرغىچە بولۇپ، ھەر 3 مېتىرغا بىردىن لىم ـ بادرا ئورنى قويۇلىدۇ. چۈنچىنىڭ تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان تەكشى تۆشۈكلۈك گۈل چىقىرىلغان تامغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تامنى قوپۇرغاندا، كېسەك بىلەن كېسەكنىڭ ئارىلىقىغا 10 سانتىمېتىر بوشلۇق، ئۇزۇنىسىغا چاسا كىچىك تۆشۈك قالدۇرۇلىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكى 12 × 14 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقا پايدىلىق. يەنە قۇياش نۇرىنىڭ ئۈزۈملەرگە بىۋاستە چۈشۈشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنچىنىڭ تېگى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. چۈنچە ئىچىدە ئۈزۈم ئېسىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇسكۈنە «چاقا» دەپ ئاتىلىپ، ئادەتتە 3 ـ 2 مېتىر

ئۇزۇنلۇقتىكى بادرىدىن ياسىلىدۇ، بادرىغا تۆشۈك تېشىپ، تەخمىنەن 40
سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوكىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ھەر بىر چاقىدا 50
ئەتراپىدا چوكا بولىدۇ، چاقىنىڭ ئۈچى تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدۇ، چاقى-
نىڭ تۈۋى يەردىن 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق
قىلىش شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقا ۋە چاقىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئۈزۈملەرنى
تازىلاپ تۇرۇشقا پايدىلىق. 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا تۇرپاننىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرد-
سى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، 40 ـ 30 كۈندە ئۈزۈم قۇرۇيدۇ. 1980 ـ يىل-
لاردا پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىدىكى پېنسىيىگە چىققان ئو-
قۇتقۇچى ياقۇپ سادىق ئىنچىكە سىم بىلەن ياسىلىدىغان تور پەردە شە-
كىللىك ئۈزۈ قۇرۇتۇش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۇ-
سۇل تېز كېڭەيدى.

داڭقى جاھانغا تارالغان تۇرپان يېشىل قۇرۇق ئۈزۈمى دەل مۇشۇ چۈن-
چىدىن چىقىدۇ. ئادەتتە چۈنچىدە قۇرۇتۇلمىغان ئۈزۈم يېشىل قۇرۇمايدۇ.
تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېگىز تۆپىلىكلەردە، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىدە
چۈنچىلەر خۇددى كۆركەم ھەيكەللەردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

چۈنچىنىڭ قاچاندىن تارتىپ پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە
ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات يوق. بىراق، تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت
يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىكى قەبرىلەردىن بايقالغان قۇرۇق ئۈزۈملەر چۈن-
چىنىڭ تارىخى ھەققىدە بەلگىلىك گۇۋاھلىق بېرىشى مۇمكىن.

چۈنچە ئادەتتە يەر تۈزلۈشى ئېگىزرەك، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان
جايغا سېلىنىدۇ. تۇرپاننىڭ كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە شامال كۆپ چىقىدۇ. ھۆل ئۈزۈملەر چۈنچىدىكى چاقىغا ئېسى-
لىدۇ. ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئىسسىق شامال ھۆل ئۈزۈمنىڭ سۇ تەركىبىنى
ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ كېتىدۇ. چۈنچىگە قۇياش نۇرى بىۋاسىتە چۈشمى-
گەچكە، ئۈزۈم تەركىبىدىكى خلوروفىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي، ئۈ-
زۈمنىڭ تەبىئىي يېشىللىقى ۋە قەنت تەركىبى ساقلىنىپ قالىدۇ. چۈن-
چىدە قۇرۇتۇلغان قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ دانىسى يوغان، پوستى نېپىز، ئەتلىك
بولۇپ، قەنت مىقدارى %78 كە يېتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۈزۈمنىڭ «جۇڭ-
گونىڭ يېشىل مەرۋايىتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار.






شىنجاڭدا «تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، قاغىلىقنىڭ ئانىرى ئەڭ
داڭلىق» دەيدىغان گەپ كەڭ تارقالغان، تۇرپان مەملىكەت ئىچى ۋە سىر-
تىدا «ئۈزۈم ماكانى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. تۇرپان — دۆلىتىمىز
بېكىتكەن، غەربىي رايون بويىچە بىردىنبىر ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىنى
ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئېلىمىز بويىچە ئاساسلىق ئۈزۈم ئىشلەپچىقى-
رىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۈزۈمنىڭ ئەسلى ماكانىدۇر.

تۇرپان ئويمانلىقىدا تەك ئۆستۈرۈش 2000 ـ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا
ئىگە. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن
شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇر-
پان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر-
لىكتە مىلادىيىدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق، دەپ بېكىتىل-
گەن پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى 2003 ـ يىلى
3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى قې-
زىشتا بىر قەبرىدىن جەسەت ساندۇقىنىڭ تېگىگە سېلىنغان تەك نوتى-
لىرى تېپىلىپ، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق خەۋەر قىلىنغاندىن كې-
يىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھەيران قالدۇردى. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى
بىر قىسىم بىئولوگلار: بۇ تەك نوتىلىرىدىن گېن ۋە ھۈجەيرە يېتىشتۈ-

رۇش ئارقىلىق، 3000 يىل ئىلگىرىكى ئۈزۈم سورتىنى بىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش مۇمكىن، دەپ قارىدى. مىلادى 3 ـ ئەسىرگە تەۋە تۇيۇق تاشكېمىر غارىنىڭ بىر قىسىم تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان تەك باراڭلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەڭلىك سىزمىلار تۇرپان ئۈزۈمچىلىكىنىڭ تارىخىنى ۋە ئۈزۈمچىلىك كەسپىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى يەنىمۇ روشەن ئىسپاتلاپ بەرسە، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇرپان ھۆججەتلىرى»دە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تەكزارلىقلارنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەردىن تەكزارلىقلارنىڭ خانلىق تەۋەلىكىدىكى مەخسۇس تەكزارلىق، سۈيۈرغال ئىگىلىرى تەكزارلىقى، فېئوداللارنىڭ تەكزارلىقى، ئىبادەتخانىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى تەكزارلىق، دېھقانلار ئىلكىدىكى تەكزارلىق دېگەندەك مۇناسىۋەتلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى، بۇ خىل بۆلۈنۈشتىن ئۈزۈمچىلىكنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تۈۋرۈك كەسپى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يىپەك يولىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە تۇرپاننىڭ بور نوشلىرى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈم ‹بور› دەپ، شاراب بولسا ‹نوش› دەپ ئاتالغان) ۋە ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ئاچچىقسۇلىرى غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھالقىپ ياۋروپاغىچە، شەرقتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلىرىگىچە توشۇلۇپ، تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ داڭقى تارالغان. «تارىخنامە. فەرغانە تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىققاندا، بۇ جايلاردا تەك ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

تۇرپاندا كەڭ كۆلەمدە تەك ئۆستۈرۈشتە، تۇرپاننىڭ قىروۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن، فوتوسىنتېز رولى كۈچلۈك، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قۇرغاق ئىسسىق بولۇشتەك ئالاھىدە تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرى بار. تۇرپان يەنە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت، سودا ئالماشتۇرۇشى نەتىجىسىدە پارس، مىسىر قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۈزۈم سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە تەك ئۆستۈرۈش تېخنىكـ-

سىنى ياخشىلاش شارائىتىغا ئېرىشكەن.

تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ سورتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 500 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىقلىرى كىشمىش، سايۋا، مۇنەقە ۋە دورىلىق قىممىتىگە ئىگە غۇنچە ئۈزۈمدۇر. بۇلاردىن باشقا قىزىل سايۋا، قاشقىر، قارا ۋە چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئابىناۋات، قارا كىشمىش، قىزىل كىشمىش، قىزىل سەتەڭ، ئەتىرگۈل پۇراقلىق ئۈزۈم قاتارلىقلار بار بولۇپ، تۇرپان ئىسمى جىسمىغا لايىق ئۈزۈم مۇزېيىدۇر.

كىشىلەر ئۈزۈمنى ھۆل ئىستېمال قىلىش، ھاراق ئېچىتىشقا ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە قۇرۇتۇپ قايماقلىق قۇرۇق ئۈزۈم، شاكىلاتلىق قۇرۇق ئۈزۈم قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، سىرتقى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. بولۇپمۇ تۇرپان كىشمىشىنىڭ ساپىقى چوڭ، دېنى سۈزۈك، شىرنىلىق، قەنت تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، ھۆل يېيىشتىن باشقا يەنە قۇرۇتۇپ ساقلاشقىمۇ ئىنتايىن باپ كېلىدۇ. تۇرپاننىڭ ياز پەسلى ئۇزۇن، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھۆل - يېغىن ئاز بولغاچقا، يېشىل ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن مۇۋاپىق. شۇڭا ئادەتتە تۇرپاندىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆگزىسىدە شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۈزۈم قۇرۇتۇش چۇنچىلىرى بولىدۇ. ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى، 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا كىشمىش ئۈزۈلۈپ چۇنچىلەرگە ئېسىلىدۇ. چۇنچىدە قۇرۇتۇلغان يېشىل ئۈزۈم رەڭگىنىڭ چىرايلىقلىقى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى (قەنت تەركىبى 78 پىرسەنتكە يېتىدۇ)، ساقلاش، توشۇشقا بەرداشلىقلىقى بىلەن تۇرپاننىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە «يېشىل مەرۋايىت»دەپ ئاتىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا خېرىدارلارنىڭ قىزغىن سېتىۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولماقتا.

تۇرپانغا كەلسىڭىز، سىز مەيلى شەھەر - يېزىلارغا بېرىڭ ياكى كوچا - كويلارغا، ئائىلىلەرگە كىرىڭ، ھامىنى كۆزىڭىزگە چېلىقىدىغىنى مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ، ھېقىقەتەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى ئۈزۈملەر بولىدۇ. دېھقان ئائىلىلىرىدە 3 - 2 تۈپ تەك ئۆستۈرۈلۈپ باراڭلارغا ئېلىنغان بولىدۇ. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تەكلىكلەرنىڭ ئۇ چېتىگە كۆزىڭىز يەتمەي قالىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۈزۈم تۇرپاننىڭ ھەر قانداق يېرىدە كۆزگە چېلىقىدىغان جەلپكار مەنزىرە. ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا





سالقىندىغاچ ھەمسۆھبەتتە بولۇش تۇرپانلىقلار ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشتۇر. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ياپيېشىل بوستانلىقلار ۋە كەڭ كەتكەن ئۈزۈمزارلىقلار ھەقىقەتەن ساياھەت قىلىشقا باب كېلىدىغان كاتتا سەيلە-گاھ ۋە «ئۈزۈم پادىشاھلىقى»غا ئوخشايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپان ۋىلايىتىمۇ «ماركا ئارقىلىق بازارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئېسىل مەھسۇلات ئارقىلىق داڭلىق ماركا يارىتىش»تىن ئىبارەت ئۈزۈمچىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى تەرەققىيات تەپەككۇر يو-لىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىيانسىز ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان باشقۇ-رۇش ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۈزۈمچىلىكتە يېڭى تېخنىكا قوللىنىش، يېشىل بازا قۇرۇلۇشى قىلىش ئارقىلىق، تۇرپان ئۈ-زۈمىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە خەلقئارا بازارلارغا يۈزلەندۈرۈپ بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 2003 - يىلى تۇرپان ئۈزۈمى بىلەن قۇرۇق ئۈزۈمى «-ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ماكانى قوغدىلىدىغان مەھسۇلات» ۋە «ئۈ-زۈمنىڭ ئەسلى ماكانى» ماركىسىغا ئېرىشتى، «زىيانسىز يېشىل مەھسۇ-لات ئېتىراپنامىسى»نى ئالدى. بۇ ئۈزۈم ۋە قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ماركىسى، سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئىتىنى قوغداشقا، تۇرپان ۋە تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشكە، تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا، تۇرپاننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇ-لاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

ئۈزۈم —تۇرپاندا «بايلىق» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش. 2003 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەك كۆلىمى 420 مىڭ مودىن ئاشتى، يىللىق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 520 مىڭ توننىغا يەتتى. ئۈزۈمنى ھۆل ساقلاش كەسپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ھۆل ساقلاش ئىقتىدارى 3500 توننى-دىن ئاشتى، يىللىق ھۆل ئۈزۈم سېتىش مىقدارى 100 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، قۇرۇق ئۈزۈمگە چۈشىدىغان بېسىم كۆرۈنەرلىك يەڭگىللىدى. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 60% ى ئۈ-زۈمدىن كېلىدۇ. دېھقانلار كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ يېرىمىنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئۈزۈم. ئۈزۈمچىلىك تۇرپان خەل-قىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ مەنبەسى، ئەنئە-نىۋى ئۈزۈمچىلىك بۇ قەدىمىي يۇرتتا يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە تولماقتا.








تۇرپاندا قوغۇن ئۆستۈرۈش 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. قوغۇن شىنجاڭنىڭ داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە مەھسۇلاتى. تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە كىلىماتى ۋە مۇنبەت تۇپرىقى قوغۇن ئۆستۈرۈشكە ئەڭ باب كېلىدۇ، شۇنداقلا تۇرپاننىڭ ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن سورتلىرى ناھايىتى كۆپ، قوغۇن ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى ئىنتايىن مول. 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى پىچان ناھىيە پىچان يېزىسىنىڭ ھوڭ كەنتىدە باغۋەنچىلىك مەيدانى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تاۋار قوغۇن ئېكسپورت قىلىش بازىسىنى قۇردى. 1998 ـ يىلى پىچان ناھىيىسىگە دۆلەت تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ قوغۇن ماكانى» دېگەن نام بېرىلىپ، قوغۇننىڭ ھەقىقىي ماكانىغا ئايلاندى.

قوغۇن ــــ مېۋە ـ چېۋىلەر ئىچىدىكى ئېسىل نېمەت. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىلىدىغان تاۋار قوغۇنلار ئومۇمەن «قومۇل قوغۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ. «قومۇل قوغۇنى» دېگەن نام توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 1696 ـ يىللاردا) قومۇلنىڭ ھاكىمبېگى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن تەمى تاتلىق، چىرايلىق، پۇراقلىق

لوکچۆن قوغۇننى قۇمۇلغا يۆتکەپ کېلىپ، قۇمۇلدىن تەييارلىغان سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قوشۇپ، بېيجىڭدىكى كاڭشى خانغا سوۋغا قىلغان. كاڭشى خان قوغۇننى تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئېسىل سوۋغاتنى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تارتۇق قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، «خامىگۇا ياخشىكەن» دەپ ماختىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرپاننىڭ بۇ ئالاھىدە مەھسۇلاتى «خامىگۇا» دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان.

تۇرپاندا قوغۇننىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن. 1959 ـ يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئاستانىدىن جىن، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت قەبرىنى قازغاندا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قۇرۇپ قورۇلۇپ قالغان يېرىم قوغۇن ۋە ئىككى پارچە قوغۇن شاپىقىنى بايقىغان. 1980 ـ يىلى تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى پىچان ناھىيىسىنىڭ دالانكارىز يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ ھاسا بۇددا دىنى خارابىسىنى قازغاندا، ئۈچ پارچە قوغۇن شاپىقىنى بايقىغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

قوغۇن ناھايىتى تاتلىق، يېيىشلىك، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولۇپ، تەركىبىدە گلۇكوزا، قومۇش شېكىرى، مېۋە شېكىرى، ئاقسىل، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىق كۆپ خىل ئېلېمېنتلار بار.

تۇرپان قوغۇن ماكانى، تۇرپاندىن چىقىدىغان قوغۇنلار ئۆزىنىڭ ئەلا سۈپىتى ۋە تەبىئىي يېشىل مەھسۇلات بولغانلىقى بىلەن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق. شۇنداقلا ئۇ تۇرپاننىڭ 2 ـ چوڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قوغۇننىڭ بازارغا چىقىش ۋاقتى يىلدىن ـ يىلغا ئالدىغا سۈرۈلمەكتە ۋە ئۇزارماقتا ھەمدە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئېلىشتىن پەسىلسىز ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. نۆۋەتتە، تۇرپاندا يېڭى خانىش، ئالتۇن سۇمۇرغ، نىلۇپەر قاتارلىق سورتلار كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلمەكتە. 2003 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلىمى 66 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 100 مىڭ توننىغا يېتىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.






بىز نۇرغۇن ئەسەرلەردە، مەدەنىيەتكە دائىر سۆھبەت، مۇھاكىمىلەردە «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە يىپەك يولى ئاددىي ھالدىكى يولنىڭ ئىسمى بولماستىن بىر خىل شانلىق تارىخنىڭ، پارلاق ئەنئەنىنىڭ، يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ، ئەجدادىي پىسخىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. دۇنيادا يىپەك يولى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش» ناملىق كىتابلار نەشر قىلىندى. ئۇنداق بولسا يىپەك يولى دېگەن نېمە؟



بىپايان ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا شەرقتىن غەربكە تۇتىشىدىغان بىر قانچە قەدىمىي يول بار. بۇ يوللار پىژ ـ پىژ ئىسسىپ تۇرىدىغان كۆچمە قۇملارنى، قەھرىتان سوغۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئەگرى ـ توقاي تاغ چوققىلارنى ھالقىپ ئۆتىدۇ. بۇ يول «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسىم گويا نۇرغۇن مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن ھاسىل بولغان موكىدەك توختاۋسىز ئۆتۈشۈپ توقۇپ چىققان شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئال-



ماشتۇرۇشنىڭ ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم زەربابىنىڭ سىمۋولىدۇر.

«يىپەك يولى» دېگەن بۇ سۆزنى ئەڭ بۇرۇن قوللانغۇچى گېرمانىيىلىك مەشھۇر گېئوگراف رىچخوفېن(1833 ـ 1905) بولۇپ، يىپەك شۇبھىسىزكى شەرق ـ غەرب سودىسىدىكى بىر تەرەپنىڭ بازار تاپقان مېلى، يەنى جۇڭگونىڭ مۇھىم سودا بۇيۇمى. رىچخوفېن غەربىي رايوندا يىپەك توـ شۇپ يۈرگەن كارۋانلار بېسىپ ئۆتكەن يولغا قارىتىپ بۇ سۆزنى قوللانغان. كېيىن شۋېتسىيە ساياھەتچىسى سۋېن ھېدىن (1865 ـ 1952)، ئەنگلىـ يىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىن (1862 ـ 1943) ۋە باشقا كىشىلەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، «ـ يىپەك يولى»نىڭ جۇڭگودىن غەربىي رايوندىكى بوستانلىق ۋادىلارغا سوزۇلغان، ئىران ئېگىزلىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئىراقتىن سۈرىيىگە بېرىپ ئاندىن دېڭىز يولى ياكى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق رىمغا بارىدىغان بارلىق سودا يوللىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئۇنداقتا بۇ يول نېمىشقا يىپەك يولى دەپ ئاتالغان؟ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو مىسلىسىز روناق تاپقان، ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا بولسا رىم ئىنتايىن گۈللەنگەن. كېيىنچە ئىسلام ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا دېڭىزدا باش كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلغاندا، چاڭئەننى پايتەخت قىلغان بۈيۈك تاڭ ئىمـ پېرىيىسى ئاسىيادا گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقان. خەن سۇلالىسى بىلەن رىم، بۈيۈك تاڭ بىلەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى ئوكياننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان. جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى يىپەك رەختىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستېمال رايونى رىمغا ئۈزۈلمەي توشۇپ تۇرۇلغانلىقىدىن بۇ يول «يىپەك يولى»دەپ ئاتالغان.

يىپەك رەخت چىرايلىق، سىپتا ھەم كىيىم كىشىگە ھۇزۇر بەرگەچكە، قەدىمدىن ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن. يىپەك يولى ئۇزۇن، خەتەرـ لىك، ھاۋا كىلىماتى دەھشەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىدىن پات ـ پات توسۇلۇپ قالاتتى. بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى كېزىپ، سانسىزلىغان قوللاردىن ئۆتۈپ، يول بويى ئۇچراپ

تۇرىدىغان قاراقچىلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئاندىن مەنزىلگە يەتكەچكە، ئۇنىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن، يىپەك يولى ئاددىيلا سودا يولى بولماستىن دىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىدىئولوگىيە ۋە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش يولى بولغان. يىپەك يولى تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئادەملەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ھېسسىياتى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە بەرباد بولۇشى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ مۇشەققەتلىك قەدەملىرى، بىباھا بۇيۇملارنى توشۇغان كارۋانلار، ئاتلىق كۆچمەنلەر، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ باش روللۇقىدا ئورۇندالغان تارىخىي دراملار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىشقى ـ مۇھەببەت، ھەققانىيلىق، كۈرەش ـ شىجائەت، ئارزۇ ـ تىلەك، ئىنتىلىشلەر، تەۋەككۈلچىلىكلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز!

يىپەك يولى خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ دۈنخۇاڭغا بارغاندا غەربكە سوزۇلغان 3 يولغا بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىككىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىنى كېسىپ ئۆتەتتى. بىرىنچى يول دۈنخۇاڭدىن باشلىنىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق)، چەرچەن، جىڭجۆ (نىيە)، يۈمى (كېرىيە)، ئۇدۇن (خوتەن)، يەركەن قاتارلىق جايلار ئارقىلىق پامىردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باكتېرىيە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى)گە كىرىپ، ئارشاك (ھازىرقى ئىران)غا باراتتى.

ئىككىنچى يول دۈنخۇاڭدىن باشلىنىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ، جەنۇبىي جۈشى، كىنگىت، يۈلى (ھازىرقى قاراشەھەرنىڭ جەنۇبىدا)، ئۈرى (ھازىرقى بۈگۈر)، كۈسەن (كۇچا)، قۇمباش (ھازىرقى ئاقسۇ)، سۇلى (ھازىرقى قەشقەر) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ، توغرىلار، قەنت (سەمەرقەنت)، ئائورسى رايونىغا باراتتى.

ئۈچىنچى يول تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ كەتكەن ئىدى. تۇرپان ئويمانلىقى بۇ قاتناش لىنىيىسىدىكى شىمالىي يولنىڭ دەل



ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، ئۇزۇن ھەم مۇشكۇل مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن كارۋانلار، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى، قىسقىسى شىمالىي يولدا ماڭ-غانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە توختاپ هاردۇقىنى چىقىرىۋالاتتى ياكى ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلايتتى. شەرققە قاراپ ماڭغانلار باغايان قۇملۇقىدىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى، غەربكە قاراپ ماڭغانلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋالاتتى. بۇ جايىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغاچقا، غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرد-سىدىكى كۈرەشلەردە باشتىن - ئاخىر ئىككى تەرەپنىڭ تالىشىدىغان مۇھىم بازىسى بولۇپ كەلگەن.

«يىپەك يولى» مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى جاڭ چيەن خەن ۋۇ-دىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن غەربىي رايونلارغا ئەلچىلىككە بارغان. مىلادى-يىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى 2 - قېتىم غەربىي رايونلاردىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرگە ئەلچىلىككە بېرىپ، غەربىي رايونلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە «يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىشىغا ئاساس سالغان.

يىپەك يولىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى بۆلىكى 4000 كىلومېتىر-دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بۆلىكى 2000 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان يىپەك يولى تەخ-مىنەن مىلادىيىدىن 6 - 5 ئەسىر ئىلگىرى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، 15 - 16 - ئەسىرلەرگىچە تەخمىنەن 2000 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان.






**يىپەك يولىنىڭ خەرىتىسى**




«ساياھەتچىلىك» دېگەن ئاتالغۇ تۇرپاننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. تۇرپان ھازىر دۇنياغا داڭلىق ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزگىچە مەنزىرىسى، ھاۋا كىلىماتى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى مەشھۇر ساياھەت شەھىرىگە ئايلاندى. نېمە ئۈچۈن ساياھەتچىلەر تۇرپانغا شۇنچە تەلپۈنىدۇ؟

بىرىنچىدىن، تۇرپان شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى، ھەر خىل دىنلار ئۆزئارا ئۇچراشقان يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار بولۇپ، قويۇق، مول بولغان مەدەنىيەت ئاساسىغا ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، تۇرپان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى چوڭ مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگىچە؛ ئۈچىنچىدىن، تۇرپان قۇملۇق رايون مەنزىرىسىگە ئىگە بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى تىپىك خاراكتېرگە ئىگە. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تۇرپان تارىخ، مەدەنىيەت، تەبىئىي مەنزىرە مۇجەسسەملەنگەن گۆھەر زېمىن. شۇڭا، تۇرپان

ۋىلايىتى «تۇرپان غەربىي رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تەبىئىي مەنزىرە مۇزېيى» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى تىكلىدى.

تۇرپاندا تارىخى ئۇزۇن، قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە ۋە يېگانە، تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، بۇيىلۇققا ئوخشاش داڭلىق ساياھەت، مەنزىرە نۇقتىلىرى، ئىددىقۇت تېغى ، ئايدىڭكۆل قاتارلىق رىۋايەت تۇسى قويۇق، سىرلىق جايلار، ئوتتەك ئىسسىق كىلىمات، قۇملۇق بىلەن بوستانلىقلار بىرىكىپ كەتكەن سېھىرلىك مۇھىت، قويۇق ئەنئەنىۋى، مىللىي ئۆرپ ئادەتلەر قاتارلىقلار مۇجەسسەملەشكەن بولغاچقا، ساياھەتچىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، 20 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تۆۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

1999 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى «ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى باشلامچى قىلىپ، ساياھەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوبوروتنى تېزلىتىپ، چوڭ تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»قارارىنى چىقارغاندىن كېيىن تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ساياھەتچىلىكنىڭ ئورنى ئىلمىي بېكىتىلگەندىن كېيىن، تۇرپان ساياھەتچىلىكى باشلامچى كەسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تېز تەرەققىي قىلىش ئىزىغا سېلىندى. تۆۋەندىكى سانلىق كۆرسەتكۈچلەرلا بۇنىڭغا كۈچلۈك پاكىت بولالايدۇ: 1998 ـ يىلى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 450 مىڭ ئادەم (قېتىم)لا ئىدى، 2002 ـ يىلى بولسا تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچىلەرنىڭ سانى 1 مىليون 570 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يېتىپ، ساياھەتچىلىك كىرىمى








بوياۇق دارۋاز مىللىي ئۆرپ-ئادەت باغچىسىدىكى ئەڭ چوڭ تونۇر

ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ، ساياھەتچىلىك ھەر يىلى %20 لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ، 2002-يىلى ساياھەتچىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %5.4 كە كۆتۈرۈلدى. 2004-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى 2 مىليون ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىپ، ساياھەتچىلىك كىرىمىنى 400 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى. تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ساياھەت ئورۇنلىرىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 10 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن ئېشىپ، ھەر بىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 10 — 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

ساياھەتچىلىكنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 2003-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكنى ئاساسلىق يېتەكچى كەسىپ قاتارىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2001-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ساياھەتچىلىك تەتقىقات مەركىزى ۋە جۇڭگو قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئاكادېمىيىسى تارىخىي قۇرۇلۇش تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارغا ھاۋالە قىلىپ، يۇقىرى نۇقتا، يۇقىرى قاتلام،

يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى» ۋە بەش مەنزىرە نۇقتىسىنىڭ تەپسىلىي لايىھىسىنى تۈزدى.

مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ياخشى لايىھىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەۋقەنى شەھەر، يېزىلارنى بىر تۇتاش پىلانلاشقا قويۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لايىھىسىگە كىرگۈزۈپ، شەھەر رايونىنى ئەڭ چوڭ ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى قاتارىغا قويدى. 2002 ـ يىلى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر يۇقىرىقى نىشانىنى چۆرىدەپ، شەھەر ئوبرازى بەرپا قىلىشقا ئاتلاندى. بولۇپمۇ تۇرپان شەھىرى ساياھەتچىلىك ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، زور كۈچ بىلەن شەھەر مەنزىرە نۇقتىسى بەرپا قىلدى: 93 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىپ، بىرەكلىك يولى بويىدىكى كۆرۈمسىز ئۆيلەرنى چېقىپ، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەتچىلىك، مال سېتىۋېلىش بىر گەۋدىلەشكەن كوچا قۇردى؛ 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە «غەربىي يۇرت» مېھمانسارىيىنى ئىشلىتىشكە تاپشۇردى؛ 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئەسلىدىكى ياشلار يولى ئۇزۇم كارىدورى ئۆزگەرتىلىپ، ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇم كا-رىدورى پىيادىلەر كوچىسى ياسىلىپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ شەھەر مەنزى-رىسىگە يېڭى ھۆسن قوشۇلدى؛ 22 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سې-لىنىپ، غەربىي ئايلانما يولى كېڭەيتىپ ياسىلىپ، بۇ يول تۇرپان شە-ھىرىنىڭ يەنە بىر ئوبراز قۇرۇلۇشىغا ئايلاندى؛ 34 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ ئۆزگەرتىلگەن شەرقىي ئايلانما يولى تۇرپاننىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرپان شەھىرى يەنە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئورمانچىلىق ئىنىستىتۇتىنى تەكلىپ قىلىپ، «تۇرپان شەھىرىنىڭ شە-ھەردىكى يېشىللىق سىستېمىسى لايىھىسى»نى تۈزۈپ، قورشاۋ تاملارنى چېقىپ تاشلاپ يېشىللىق بەرپا قىلىش، يول بويىدىكى كۆرۈمسىز ئۆي-لەرنى چېقىپ يېشىللىقنى گەۋدىلەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ،



تەدرىجىي ھالدا ساياھەت ـ مەدەنىيەت مەيدانى، بىزەكلىك يولى، ئىدىقۇت باغچىسى، پىيادىلەر يولىنى يېشىللاشتۇرۇش، كوچا ئېغىزلىرىنى يېشىل-لاشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان، ياشلار يولى پىيادىلەر كوچىسى، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ھويلىلىرىدىكى يېشىللىق ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان مۇ-كەممەل شەھەر يېشىللىق سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۇرپاننىڭ شەھەر ئوبرازىنى تۇپتىن يېڭىلىدى. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆر-سىتىش ئارقىلىق تۇرپان شەھىرى تەدرىجىي ھالدا شەھەر قۇرۇلۇشى ئار-قىلىق ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق شەھەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتەك ياخشى ئايلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1998 ـ ، 1999 ـ ، 2000 ـ يىللىرى تۇرپان ۋىلايىتى ئۈچ چوڭ قەدەم تاشلاپ، 200 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ بۈيلۈق ساياھەت باغ-چىسى قۇرۇلۇشى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى قۇرۇلۇشى، يارغول قەدىمكى شە-ھىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھەمدە ھەر قايسى ساياھەت نۇقتىلىرىغا بارىدىغان يول قۇرۇلۇشى، ساياھەت نۇقتىلىرىدىكى پاكىز ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى قاتارلىق-لارنى سۈپەتلىك تاماملاپ، تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. 2003 ـ يىلى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپى-دىكى «2 ـ قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەش»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئوتتۇرا لىنىيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش (تۇرپان شەھىرى ئاساس قىلىندۇ)، شەرقىي لىنىيىنى ئېچىش (پىچان ناھىيىسى ئاساس قىلىندۇ)، غەربىي لىنىيىگە تەييارلىق قىلىش (توقسۇن ناھىيىسى ئاساس قىلىندۇ)»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىق بېكىتىپ، «1210» قۇرۇلۇشى (بىر سەيلىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش؛ بۈيلۈق، تۇيۇقتىن ئىبارەت 2 ساياھەت نۇق-تىسىنىڭ يول قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش؛ 10 ساياھەت رايونىنى ئېچىشنى تېزلىتىش) نى تۈزۈپ، نۇقتىلىق ھالدا بۈيلۈق، ئىدىقۇت تېغى، پىچان قۇمتاغ باغچىسى، تۇيۇق جىلغىسى مەنزىرە نۇقتىسى قاتارلىقلارغا قارىتا قايتا ئېچىش ئېلىپ باردى. يارغول قەدىمكى شەھىرى، قوچو قەدىمكى

142

شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، تەيزاك (ستوپا) مۇنارى، سۇلايمان غوجا مۇنارى قاتارلىق بەش دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ۋە مۇزېيغا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، بىر پۈتۈن ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سەرخىل مەنزىرە، ساياھەت نۇقتىسى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈردى ھەمدە مەدەنىيەت بايلىقى، ساياھەت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سەرخىل مەھسۇلات يارىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بۈيلۇق رايونىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئېچىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە، بۈيلۇقتا دەسلەپكى قەدەمدە بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈش ئەمەلگە ئېشىپ 4A دەرىجىلىك يېڭى بىر مەنزىرە رايونى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

نۆۋەتتە، تۇرپان ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكتە تۇرپان شەھىرىنى مەركەز، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىنى ئىككى قانات قىلغان كۆلەملەشكەن، گۇرۇھلاشقان چوڭ ساياھەتچىلىك، چوڭ كەسىپ، چوڭ بازار بەرپا قىلىش ئەمەلگە ئېشىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىي سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەندى ۋە مۇكەممەللەشتى. ساياھەتچىلىك تۇرپان ۋىلايىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى غايەت زور تېزلەتكۈچكە ئايلىنىپ، تۇرپاننى ئادەم، ماددىي بايلىق، ئۇچۇر ۋە مەبلەغ ئوبوروتى بىلەن تەمىنلىمەكتە.

1998 ـ يىلى تۇرپان شەھىرى «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2004 ـ يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 2 مىليون 800 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 532 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 27.27% ۋە 20.91% ئاشتى.

كىچىك ماتېرىيال: ساياھەتچىلىكتىكى «A» بەلگىسى خۇددى مېھمانسارايلارنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنى بېكىتىشتە قوللىنىلىۋاتقان يۇلتۇز بەلگىسىنىڭ رولىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ دەرىجە كۆرسەتكۈچ تاختىسىدىكى A ھەرپىنىڭ سانى ئاشقانسېرى، شۇ ساياھەت نۇقتىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى



بىلدۈرىدۇ. ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىشتە ساياھەت نۇقتىلىرىدىكى زۆرۈر ئەسلىھەلەر، يەنى تەبىئىيلىكىنى قوغداش، مۇھىت ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىش، بىخەتەرلىك، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، جىددىي قۇتقۇزۇش، داۋالاش ئەسلىھەلىرى، چۈشەندۈرۈش تىل - يېزىقى، ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ دائىرىسى، ئەسلىھەلىرى، يول كۆرسەتكۈچ بەلگىلىرى... قاتارلىق نۇرغۇن ھالقىلار بىرمۇ بىر ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، باھالانغاندىن كېيىن A ھەرپى ئىشلىتىلگەن دەرىجە بېكىتىلىدۇ. ئېلىمىز ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىشتە ئىلگىرى «5A» دەرىجىلىك ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دەرىجە كۆرسەتكۈچى «4A» بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە ھېسابلىنىدۇ. «A 4» دەرىجىسىنى دۆلەتلىك ساياھەت باش ئىدارىسى باھالاپ بېكىتىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا «4A» دەرىجىلىك ساياھەت رايونىدىن ئۈچى بولۇپ، ئۇلار بۇيلۇق، بوغدا كۆلى، قاناس كۆلى ساياھەت رايونىدىن ئىبارەت. بۇيلۇق شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولۇپ، «4A» دەرىجىسىگە ئېرىشكەن ساياھەت نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



قوچو قەدىمكى شەھىرىگە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ساياھەتچىلەر

# مائارىپ



قوچودىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت سۈرەت ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بىر پارچىسى

ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان تۇرپان قوچو ھېسابلىنىدۇ.

قوچو ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلەشكەن مەركىزىي تۈگۈن بولۇپ، بۇ يەردە تۇرلۇك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئىبادەتخانىلار قۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر ئېچىلىپ، كىتابلار بېسىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا بۇددا كىتابلىرى ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ قوچو ئىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىر نەچچە ئون مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر تۇرپان قوچونى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» دەپ بىكار ئېيتمىغان.



قوچودا نېستورىيان دىنىي ئەقىدە مەزمۇن قىلىنغان «ئېۋانگىلوم» (بەخت ساداسى)، «سانت گوركىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى»؛ مانى دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئىككى يىلتىزنوم»، «ئېرىق بىتىگ»؛ زورائاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) ئەقىدىسىگە ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئەۋلىيا قەسىدىلىرى»؛ بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئالتۇن يارۇق»، «سەككىز



يۆكمەك»، يىگىرمە يەتتە پەردىلىك «مايتىرى سىمىت» ناملىق دراما، تارىخىي داستان «ماھابخاراتا»قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 294 توم، 25 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سەلتەنەتكە ياردەم بەرگۈچى ئۆرنەك تەدبىرلەر»، بەش توملۇق چوڭ چۆچەكلەر توپلىمى — «پەنجى تانترا»؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ئوغۇزنامە» ھەمدە بەش توملۇق رىۋايەتلەر توپلىمى؛ «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى»، «مىدىتسىنا بىلىملىرى»، «ئىككى تىللىق لۇغەت» ۋە قوچو ئىدىقۇت خاقانلىرىنىڭ مەڭگۈ تېشى، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر؛ ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن «تۆمۈر تەزكىرىسى»، «تەزكىرە ئەۋلىيالار»، «مېئراجنامە»، «كۆڭۈلنامە»، «بەختنامە»، «شائىر خارازمى تاللانمىلىرى» ۋە «مەۋلانە لۇتفى شېئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق ئىنتايىن كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىرىمىز تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. مۇتلەق كۆپ قىسمى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

تۇرپاندا بۇنچىۋالا كۆپ تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەب:

بىرىنچىدىن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا مائارىپ ئىدېئولوگىيە ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغان. قايسى ئېتىقادقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىلىم ئىگىسى بولسىلا، بولۇپمۇ ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگۈچى بولسىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. خەلقتە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى بۇنداق كىشىلەر «ئىلتەبىر» دەپ ئاتالغان.

ئىككىنچىدىن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا كىتاب يېزىش ۋە كۆچۈرۈش ئەڭ ساۋابلىق كەسىپ دەپ قارالغان، بۇنداق ئېتىقاد «بۇيان» دېيىلگەن.

ئۈچىنچىدىن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا بىلگە كېڭىشى (مائارىپپەرۋەر دانىشمەنلەر كېڭىشى) تەسىس قىلىنغان، ئۇلار دەرىجە ئۇنۋانلارنى بەل-



گىلىگەن ھەم ئەل ئىچىدىكى ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بىلگە كېڭىشى نۇرغۇن تىللىق ـ ئىزاھلىق لۇغەتلەر (سانسكرىتچە ـ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە، توخار ـ ئۇيغۇرچە، سوغدى ـ ئۇيغۇرچە)نى قوللانما سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى يەنە سۈپەتلىك قەغەز كەشىپ قىلغان. خەت پۈتۈلۈشتىن بۇرۇن قەغەز ئۈستىگە ئاق شىلىم سۈرتۈلگەن، بۇ قەغەز «پاتلاپ يېزىش ئۇسۇلى» دېيىلگەن. قاراغوجىدا يەنە چوڭ قەغەز زاۋۇتىمۇ قۇرۇلغان.

تۇرپاندا ئۆز ئالدىغا ياغاچ مەتبەئە كەشىپ قىلغان. ھەربىلەر دانە ـ دانە كۋادرات ياغاچلارغا ئويۇلۇپ، ئاندىن قېلىپقا بېكىتىلىپ، ئۈستىدىن رەڭ سۈرتۈلۈپ خىلمۇ خىل رەڭلىك كىتابلار بېسىلغان. مانا مۇشۇنداق مەتبەئە ھەرپلىرىدىن چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى 100 مىڭ دانىدىن ئاشىدۇ.

ئەينى زاماندىكى تۇرپان مائارىپى توغرىلىق شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق سەيياھ ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «... قوچودا كەسپىي مۇئەللىملەر بار ئىكەن، ئۇيغۇرلار شېئىر ۋە قوشاققا خۇشتار ئىكەن. ئۇلار ئۆز يېزىقىنى كۆندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى يېزىقىشمۇ ئىشلىتىدىكەن، ئۇ يەردە ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۇم...».


ھازىرقى دەۋردىكى كومپيۇتېر لاشقان ئوقۇتۇشتىن بىر كۆرۈنۈش

قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوچو مائارىپى نۇرغۇن تىلشۇناسلارنى، كۆپ تىللىق تەرجىمانلارنى، ئابرۇيلۇق ئوقۇتقۇچىلارنى، مەرىپەتلىك ئەدىب، شائىرلارنى، دراماتورگلارنى، بوغالتىر ـ ھېساباتچىلارنى، تېۋىپ ـ دوختۇرلارنى يېتىشتۈرگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، سىڭقۇ سەلى، ئاتاقلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان پىرتانداكشىت، مائارىپچى، داستانچى ئاپرىنچۇرتېگىن، «ھېكمەتلەر پەزىلىتى»نىڭ ئاپتورى، شائىر كى كى، شائىر چىنۇياتۇتۇڭ، شائىر قالىم كايشى، شائىر ئاتساڭ، كولتارقان، ئاسىخ توتۇڭ، قارۇنداز قاتارلىقلار بار.

دېمەك، تۇرپاندا قوچو ئۇيغۇر دەۋرىدە(866 ــ 1393 ـ يىللار) مائارىپ گۈللەنگەن دەۋر ئىدى.

قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى، كېيىن يەنى مىلادىيە 1400 ـ يىللاردىن كېيىن ئىسلام دىنىئۇستۇنلۇكنى ئەگىلەپ ئىسلامىيەت مائارىپى تېز تەرەققىي قىلدى.

تۇرپان مائارىپى بۇ دەۋرلەردە ئاساسىي جەھەتتىن دىن تارقىتىشنى مەركەز قىلىپ راۋاجلاندى، نەتىجىدە، دىنىي مەكتەپلەر كۆپلەپ قۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەر تولۇقسىز، تولۇق دەپ ئىككى خىل ئىدى. تولۇقسىز دىنىي مەكتەپلەر «مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاخۇنلار قۇرغان. كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك، ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي، ئورنى مەسچىت، مەدرىسىلەردە بولۇپ، ئادەتتىكى ئېتىقادچىلار يېتىشتۈرۈلەتتى. ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەر دىنىي قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر، ئەرەب يېزىقى، قۇرئاننىڭ ئاخىرقى قىسمى، پۈتۈن قۇرئان، سوپى ئاللايار (دىنىي شېئىر)، نايى (دىنىي شېئىر)، خوجى ھاپىز (دىنىي شېئىر) قاتارلىق يەتتە خىل بولۇپ، بۇنى ئۆگىنىپ بولغانلار مەكتەپ پۈتتۈرگەن ھېسابلىناتتى.

تولۇق دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى باي سودىگەرلەر ئاچاتتى. كۆلىمى چوڭ، ئۇسكۇنىلىرى تولۇق، يىراقلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىشىپ ئوقۇيتتى. دەرسلىكلىرى يەنىلا ئاساسلىقى دىنىي كىتاب بولۇپ، قوشۇمچە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمالى ۋە ئەرەب، پارس



يېزىقلىرى ئىدى. بۇ مەكتەپلەر مەخسۇس يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان جاي ئىدى. بۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان تۇرپان ئاستانىدىكى دىنىي مەكتەپ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان مەكتەپ ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئەربابلار مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن ئىدى.

غوجىلار دەۋرىگە كەلگەندە يەنى 1600 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سوپى ئىشانلار شىنجاڭ زېمىنىدا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. كېيىن غوجىلارنىڭ جاھالەت ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇش تەشەببۇسىدىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى 1800 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «شۆتاڭ» مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن پەقەت تىلماچ (تۇڭچى) يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. شۆتاڭلاردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىندى، ئۇلارغا مىللىيچە كىيىم كىيىشكە يول قويۇلماي، بېشىغا سەككىز قىرلىق تەقى، تەقى ئۈستىدە قۇببا شەكىللىك قىزىل مارجان، پۆپۈك بېكىتىلگەن ھەمدە ئۈچىسىغا سېرىق زەر تۇتۇلغان ۋە قارا ئىزمىلىق تۇگمە ئورنىتىلغان جۇبازى كەيگۈزۈلۈپ، بېشىغا ئۇزۇن يالغان ئۆرۈمە چاچ قاداشقا مەجبۇرلاندى. مانا بۇ شۆتاڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مانجۇچە ئوبرازى ئىدى.

كېيىن غەربتىكى، تەرەققىي قىلغان ئىسلام ئەللىرىدىكى مائارىپ تەرەققىياتى، ئويغىنىشلارنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، دۇنياغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قاراشقا، يېڭى مەكتەپ ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساداسىمۇ كۈچەيدى.

پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن تۇرپاندا يېڭىچە مەكتەپ مائارىپى مۇشۇنداق خىتاب ۋە ئېھتىياج ئاستىدا باشلاندى. بۇ يېڭى مەكتەپ مائارىپى «ئۇسۇلى جەدىت» دەپ ئاتالدى. ئۇسۇلى جەدىتنىڭ تۇرپاندىكى ئاساسلىق تەشەببۇسچىسى ۋە يولغا قويغۇچىسى تۇرپان ئاستانىدىكى مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ۋەتەنپەرۋەر



كىشىلەر ئىدى، ئۇلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر يېڭىدىن بىخ ئۇرۇپ چىققان مىللىي سانائەتنىڭ تىپىك ۋەكىلى، شۇنداقلا يېڭى مەك- تەپ مائارىپىنىڭ ئاساسلىق تەرغىباتچىسى بولۇپ، جاھالەتكە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى. نەتىجىدە 1913 ـ يىلى مەخسۇت مۇھى- تىنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن روسىيىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشى ۋە ئاكىسى موسۇلبايىنىڭ قورۇسىغا مەكتەپ سېلىشى بىلەن شەرقىي شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ «مەخسۇدىيە مەكتىپى»ئوقۇش باش- لىدى. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھېسابسىز قۇربانلارنى بېرىشى نەتىجىسىدە شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىدە يېڭى مائارىپ مەشئىلى لاۋۇلداپ، غايەت زور يالقۇنغا ئايلاندى. «مەخسۇدىيە مەكتىپى» ئاتۇش ئىكساقتىكى ئاكا ـ ئۇكا موسابايېفلار 1885 ـ يىلى قۇر- غان «ھۈسەينىيە مەكتىپى»دىن كېيىنلا شىنجاڭ زېمىنىدا قۇرۇلغان يې- ڭى مائارىپ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا يېپيېڭى سەھىپە ئاچتى. «مەخسۇدىيە مەكتىپى» 1913 ـ يىلىدىن ئازاد- لىققىچە بولغان 36 يىلدا قىسمەن ۋاقىتلاردا توختاپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىزچىل ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىي 27 قارار، 1113 ئو- قۇغۇچىنى تەربىيىلەپ بەردى. مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تە- سىرى بىلەن تۇرپان دىيارىدىكى كۆپلىگەن ئىلىم سۆيەر باي سودىگەرلەر كەينى ـ كەينىدىن مەكتەپ ئېچىپ، بىر مەيدان مەرىپەت دولقۇنىنى قوزغىدى. 1933 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تۇرپاندا 18 ئورۇندا 30 سىنىپ بار بولغان بولسا، 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە مەكتەپلەر 28 ئورۇنغا كېڭىيىپ، سىنىپ 83 كە، ئوقۇغۇچى 1638 كە، ئوقۇتقۇچى 102 كە يەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقە- نىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوقۇتۇش جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئەسلى بار بولغان مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ،

بىر قاتار كونا قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بېكىتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئىشىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن كەڭ ئېچىپ بېرىلدى. ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش شارائىتى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىر مۇنچە ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىر يولغا قويۇلدى.

تۇرپان شەھەر ئىچىدە ۋە ئاستانىدا ئىلگىرى قۇرۇلغان «ئــوغــۇلــلار مەكتىپى»، «قىزلار مەكتىپى» 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىرلەشتۈرۈلۈپ «جەنۇبىي قۇۋۇق مەكتەپ»، «ئاستانە مەركىزىي مەكتەپ» دەپ قۇرۇلدى ۋە بۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەرمۇ مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەسلىدىكى 23 باشلانغۇچ مەكتەپ 18 باشلانغۇچ مەكتەپكە يىغىنچاقلاندى.

1952 ـ يىلى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى، مەدەت بېرىشى ئارقىلىق تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ تۇرپان شەھەر ئىچىدە تۇنجى «تۇرپان 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى»نى قۇردى.

يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە شۇ يىلىلا تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن 135 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، تولۇقسىز 1 ـ يىللىق 3 سىنىپ ئېچىلدى. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدا يەنە شۇ ئورۇنلاردىن 45 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، 48 ئوقۇغــۇچى قــوبــۇل قىلىنىپ، تېز پۈتتۈرۈش سىنىپى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ جەمئىي 228 ئوقۇغۇچىسى، 14 ئوقۇتقۇچىسى بار بولغان رەسمىي ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ شەكىللىنىپ، ئوقۇش باشلىدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلدى.

1956 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى ئىسلاھ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاكتىپچانلىقى جارى قىلدۇرۇلدى.

1957 ـ يىلى ئاستانە، قاراغوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق خەلقىنىڭ تەلىپى،






تۇرپان شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «يالقۇنتاغ» ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى.

1966 ـ يىلىدىكى تۇرپان شەھىرىنىڭ مائارىپ ستاتىستىكا سانىدىن قارىغاندا، شەھەردە بار بولغان مەكتەپ سانى 48 (ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، باشلانغۇچ مەكتەپ 46)گە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكى 26 مەكتەپتىن 22 مەكتەپ كۆپەيدى. ئوتتۇرا مەكتەپ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى.

سىنىپ سانى 1966 ـ يىلى 369 (ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 18، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى 351)غا يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكى 82 سىنىپتىن 287 سىنىپ كۆپەيدى. ئوقۇغۇچى سانى 1966 ـ يىلى 12 مىڭ 273 (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1547، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 895)كە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكى 1618 ئوقۇغۇچىدىن 10 مىڭ 655 ئوقۇغۇچى كۆپەيدى.

ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 1966 ـ يىلى 508 (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 53 ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 455)گە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكى 102 ئوقۇتقۇچىدىن 406 سى كۆپەيدى.

1949 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە پەقەت 51 باشلانغۇچ مەكتەپ، 165 سىنىپ، 3030 ئوقۇغۇچى، 226 ئوقۇتقۇچى بار بولغان بولسا، 2004 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزدە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 213 كە، تۈرلۈك كەسپىي مەكتەپلەر بەشكە، ئوقۇغۇچىلار 50 مىڭدىن كۆپرەككە، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.58 پىرسەنتكە يەتتى.




(تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى)

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ كۆپىيىشىدە ئاساسلىق رول ئويناشتىن تاشقىرى، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەھەتتە زور تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ، جۇملىدىن زاڭزۇ، موڭغۇل، جۇڭيى تېبابەتلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، ۋەتەن تېبابەتچىلىكى خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەرگە ئايلانغان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى ۋەتەن تېبابەت ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، دورىگەرلىك ئەمەلىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان مىللىي تېبابەتتۇر. ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنى ئەجدادلار ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە بارغانسىرى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولۇپ، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى، ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

---

يۇقىرىقى سۈرەت: داڭلىق ئۇيغۇر تېبابىتى مۇتەخەسسىسى، تۇرپان تېبابەتچىلىكىنىڭ پېشىۋاسى، ئاتاقلىق تېۋىپ، مەرھۇم مۇتىللا قارىھاجى (ئوتتۇرىدا) (1903 ـ 1999)

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ــــ ئىنساندىكى كېسەللىكنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى شەرتلىرى، ھەر خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ۋە خاراكتېرى، دورىلارنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرى، كېسەللەرنى داۋالاش، كۆتۈشنىڭ ئۇخشىمىغان تەلەپلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە تەدبىرلىرى بىۋاستە تېببىي ئەمەلىيەت ۋە ئۇنىڭ تارىخىي راۋاجى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە داۋالاش نوقۇل دورا ئارقىلىق داۋالاش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ كېسەل مۇھىتىنى ياخشىلاش، كېسەل كىشىنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ داۋالاشنى، ئېغىر كېسەللەرنى ياتقۇزۇپ داۋالاشنى، روھىي داۋالاشنى، ھاۋا يۆتكەپ داۋالاشنى، ئوزۇق بىلەن داۋالاشنى، دورا بىلەن داۋالاشنى(يەنى دورا ئىچكۈزۈش، بەدەن سىرتىدىن دورا ئىشلىتىش)، ئارىشاڭ، ئاپتاپ نۇرى، قۇم بىلەن داۋالاش، لوڭقا قويۇش، ھۆقنە قىلىش، تېرىگە ئېلىش، يەرلىك ئىسسىق، سوغۇق ئۆتكۈزۈش، داغلاش، مەخسۇس پەللىلەرگە دورا چېپىش (چېكە، قۇلاق ئارقى، تاپان، ئالىقان، ئىگىلچەك قاتارلىق ئورۇنلار) ئۇۋۇلاپ، ئىشقاپ داۋالاش، نەشتەر ئۇرۇش، قان ئېلىش، دەستىكارلىق (ئوپېراتسىيە)، سۇنۇق - چىقىقلارنى ئورنىغا سېلىپ تېڭىپ مۇقىملاشتۇرۇپ داۋالاش، كېسەلگە پەرھىز بۇيرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ھەر قاچان مۇھىتنى ياخشىلاش، پۈتۈن ئورگانىزمنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ياخشىلاشنى دورا بىلەن داۋالاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەتراپىمىزدىكى تەبىئەت دۇنياسىدا كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان، قارشى تۇرىدىغان ئۈنۈملۈك شىپالىق مەنبەلىرىمۇ شۇنداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ تونۇيدۇ. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى دورا - دەرمەكلەرنى ئۇلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى ۋە كەيپىياتلىرىغا قاراپ، ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، قۇرغاقلىق، ھۆللۈك بويىچە تۆت خىل تەبىئەتكە ئايرىيدۇ ھەمدە كېسەل كىشىلەردىكى مىجەز بۇزۇلۇشلىرىغا قارىمۇ قارشى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

جۇڭگو «سالامەتلىك» گېزىتىنىڭ 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈ-



نىدىكى ساندا: «مىلادىيىنىڭ 12 ـ ، 13 ـ ئەسىرلەردە ھىندىستاندا يې-زىلغان ‹ھەر قايسى ئەللەر تەزكىرىسى› دېگەن كىتابتا ئەڭ بۇرۇنقى تې-بابەتچىلىك ساھەسىدە بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بەديان، سېرىق ھېلىلە، بىنەپشە، سانا، يادا تېشى قاتارلىق دورىلارنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى بىلگەن. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدا تارىم ۋادى-سىغا كەلگەن يۇنان ئەلچىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان» دەپ يېزىلغان. مىلادىيىنىڭ 659 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ ئوردىسى تەرىپىدىن ئالىملار تەشكىللىنىپ تۈزۈلگەن «يېڭىدىن رەتلەنگەن دورىلار قامۇسى»غا غەربىي يۇرت (شىنجاڭ)نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چىقىدىغان 114 خىل دورا كىرگۈزۈلگەن. مىلادىيىنىڭ 652 ـ يىلى يېزىلغان، «مىڭ تىللالىق مۇھىم رېتسېپلار» كىتابىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان «مەخپىي رېتسېپلار» كىتابىغا قوچو ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتىنىڭ تەركىبى ۋە ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلىرى خاتىرىلەنگەن. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا مىلادىيىنىڭ 1 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بىر قەبرىدىن كۇ-مىلاچ دورىسىدىن بىرسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 46.3 گرام، جىگەررەڭ، مەھكەم بىرىككەن، ئۈستىگە بارماق ئىزى چىققان ھەم سىرتى ئاق كەندىر قەغىزىگە ئورالغان. شۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۈشتە يەنە بىر قەبرىدىن بۇ خىل كۇمىلاچ دورىنىڭ ئىچىش رېتسېپى چىققان بولۇپ، قارا سىياھتا يېزىلغان ئۈچ قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان، يەر ئاستىدا 1900 يىلدىن كۆپرەك كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ كەمتۈك رېتسېپنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ 1644) دەۋرىدە ئۆتكەن لى مىگيۇەن بىلەن لى جوگشىن بىرلىشىپ يازغان كىتابتا يۇقىرىدىكى كۇمىلاچىنىڭ ئىسسىق يەل، يۆتەل، كەم ماغدۇرلۇق، ئاشقازان ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئاساسلىق داۋالايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تىۋىپ ۋاڭ جوڭ يازغان «ۋەي تەي مەخپىي رېتسېپلىرى»نىڭ 14 ـ تومىدا «قوچو ئۆمۈر ئۇزارتىش قايناتـ-مىسى»خاتىرىلەنگەن. يەنە تۇرپاندىن تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان تېبابەتچى-

لىككە ئائىت تۆت پارچە قولىيازما ئەسەر تېپىلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلار غەربىي يۇرتتا مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدە جۇڭگو تېبابەتچىلىكى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ تېبابەتچىلىكىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار مىلادىيىنىڭ 941 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئەرەب تېبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى ۋە ئەرەب تېبابەتچىلىكىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى دۇنياۋى پەللىگە كۆتۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئالىمى مەشھۇر پەيلاسوپ، تىلشۇناس، ماتېماتىك، تېۋىپ، خەلقئارادا 2 ـ ئارىستوتېل دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان فارابى (870 ـ 950)نىڭ ئىلمىي قاراشلىرى، ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئېنسىكلوپېدىست، مەشھۇر تېۋىپ ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا (980 ـ 1037)نىڭ «ئەلقانۇن فىت تىب» ناملىق تېببىي ئەسىرى بۈگۈنكى دۇنيا مېدىتسىناسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى. ئارسلان نېرزى ئوغلى يازغان «تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا قۇرغان كېسەلخانىلىرى» دېگەن ماتېرىيالدا ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368) زامانىسىدا قۇبلايخاننىڭ يازلىق پايتەختى دۇرۇندا داڭلىق «گۇاڭ خۇيسى» كېسەلخانىسى قۇرغانلىقى، يەنى ھازىرقى خوخخوتتا ۋە چوڭ پايتەخت بېيجىڭدا ئىككى كېسەلخانا قۇرغانلىقى، ئېمپىراتور چىڭگىزخاننىڭ كۆزىنى سەمەرقەنتتىكى ئىسلام تېۋىپلىرى داۋالىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ۋەھالەنكى، 17 ـ ، 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئىچكى نىزا، تەپرىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى چەتكە قېقىشى، ھېيلىگەر ياڭ زىڭشىننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتى، جاللات شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەتلىنىپ، بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر نۇرغۇنلىغان تارىخىي يازما يادىكارلىقلار،

نەچچە مىڭ يىللىق قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ئېچىنىشلىق هالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى يوقىلىش گىردابىغا چۈشۈپ قالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ، 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سەھىيە مىنىستىرلىقى بىلەن مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، مىللىي تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بەلگىلىدى. نەتىجىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرى تېز راۋاج تاپتى. جۈملىدىن تۇرپان ۋىلايىتىدىمۇ تېبابەتچىلىك ئىشلىرى يېپيېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى كۆتۈۋالدى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچى دوختۇرخانىسى 1981 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، داۋالاش، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، دورا ئىشلەپچىقىرىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا. دوختۇرخانىدا 100 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىنغان. مۇقىم مۈلكى 10 مىليون يۈەن. جەمئىي 160 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، 104 سەھىيە كەسپىي تېخنىك خادىمى ئىچىدىكى 30 كىشى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئامبۇلاتورىيىدە ھەر يىلى داۋالىنىدىغانلار 30 مىڭ ئادەم (قېتىم)، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىدىغانلار 3000 ئادەم (قېتىم)دىن ئارتۇق. داۋالاش ئۈنۈمى 95.6 % كە يېتىدۇ.

ئىچكى كېسەللىكلەر، تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ـ دورىگەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۇقىرى قان بېسىم، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، دىئابېت، بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش ھەمدە ئەرلەر كېسەللىكلىرى، ئاق كېسەل، تەڭگە تەمرەتكە قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ.

سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتى تېڭىقچىلىقىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭيىچە ۋە غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ،



سۇنۇق، چىقىق، سۆڭەك تۇبېركۇلوزى، يىلىك ياللۇغى ھەمدە تۇغما سۆڭەك كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ.

مەقئەت ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ـ دورىگەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى زامان داۋالاش ئۇسۇلىغا بىرلەشتۈرۈپ، بەدەن ئىچى ۋە سىرتىدىن ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى ئىشلىتىش، دورا بىلەن يۇيۇش، ھورداش قاتارلىق ئۆزگىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ھەر خىل مەقئەت ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ.

ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ھازىرقى زامان داۋالاش تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئاياللار كېسەلىكلىرىنى داۋالاش بىلەن بىرگە، بالىنى ئاغرىتماي كۆز يورۇتۇپ، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالىدۇ.

فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ـ دورىگەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى بەدەن ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىشنى ئۇۋۇلاش، يىڭنە سانجىش، توك بىلەن قىزىتىش، دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارغا بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك سۆڭەك، بوغۇم، ئۇمۇرتقا كېسەللىكلىرى ۋە نېرىپ، يۇمشاق توقۇلما كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ.



سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى




دۇنياغا داڭلىق، مېۋە ـ چېۋە ماكانى تۇرپاننىڭ بوستان يولىدا دوختۇر بەلگىسى بار بىر كۆركەم ئىمارەت بار. بۇ داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيلەش، تەتقىقات، ساقلىقنى ساقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىر گەۋدىلەشكەن تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى. دوختۇرخانىدا ھازىر 320 گە يېقىن كارىۋات، 340 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، دوختۇر سېستىرالار 291، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگىلەر 70 تىن ئاشىدۇ.

بۇ دوختۇرخانا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن ماگنىتلىق تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، ئامېرىكىنىڭ قوش قەۋەتلىك پۈتۈن بەدەننى ئايلىنىپ يورۇپ تەكشۈرۈش CT ئاپپاراتى، رەڭلىك B تىپلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، پۈتۈن ئاپتوماتلاشقان تەھلىل قىلىش ماشىنىسى، ئاپتوماتلاشقان قان دانچىلىرىنى ئايرىش ۋە ھېسابلاش ئۈسكۈنىسى، ئېكرانلىق قورساق بوشلۇقى ئەينىكى، يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ئاپپاراتى، ناركوز قىلىش ماشىنىسى، ئېلېكترونلۇق جىنسىي يول ئەينىكى، ئېلېكترونلۇق ئاشقازان ئەينىكى قاتارلىق ئىلغار سەۋىيىلىك، زامانىۋىلاشقان، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، تەكشۈرۈش ۋە كېسەل داۋالاش ئىشلىرىغا ياخشى شارائىت ھازىرلىدى.

يېڭى تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە يولغا قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى ۋىلايىتىمىزدە 2 - ، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. دوختۇرخانا يۈرەك قوزغىتىش ئەسۋابىنى ئورنىتىش ئوپېراتسىيىسى، ئاشقازان راكىنى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاش ئوپېراتسىيىسى، سۆڭەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى، جىنسىي يول ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان ئوپېراتسىيەلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىپ ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ئىزچىل ھالدا بىمارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى.

دوختۇرخانا دوختۇرخانىدىكى مۇئەييەن ئوقۇتۇش ۋە كەسپىي تەجرىبىگە ئىگە بىر قىسىم دوختۇر - سېستىرالارنى تاللاپ دەرس سۆزلىتىپ ۋە پراكتىكانتلارغا تېخنىكا، كەسىپ ئۆگىنىش پۇرستى يارىتىپ بېرىپ ۋىلايىتىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. دوختۇرخانا پارتكومى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھى ۋە يۇقىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن دوختۇرخانا ئىسلاھاتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنى يۇقىرى داۋالاش سۈپىتى، ئەرزان باھا، قولايلىق، كۆلەملەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىپ ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم دوختۇرخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىختىساسلىق، ئىقتىدارلىق خادىملارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بەرگەچكە دوختۇرخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى يىلدىن يىلغا مۇكەممەللىشىپ باردى. دوختۇرخانا پارتكومى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» قا ئائىت مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى. تۈرلۈك چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىپ داۋالاشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، داۋالاشتىكى خاتالىقلارنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، تۇيۇقسىز داۋالاش ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئاساس سالدى.

21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا يېڭى ئەسىردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. دوختۇرخانىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. دوختۇرخانا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىپ، دوختۇرخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ تېببىي ئەخلاق ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىدار سېلىشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەتنى سېلىشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان «قوش ئەھمىيەت بېرىش، قوش سېلىشتۇرۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدىن بۇيان دوختۇرخانا نامرات رايون، مەكتەپ ۋە نامرات ئورۇنلارغا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم بېرىپ ۋە 16 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ھەقسىز قان تەقدىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نامراتلارغا يار يۆلەك بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى نامايەن قىلدى. دوختۇرخانىنىڭ بەش ئەزا بۆلۈمى، ناركوز قىلىش بۆلۈمىدىكى خادىملار ئاپتونوم رايوننىڭ «يورۇقلۇق ئاتا قىلىش قۇرۇلۇشى» خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، كۆزىگە ئاق چۈشكەن بىمارلارنىڭ كۆزىدىكى ئاقنى يوقىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى؛ بوران ئاپىتى يۈز بەرگەندە ، دوختۇرخانا دەرھال ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاپەت يۈز بەرگەن ناھىيە ۋە يېزىلارغىچە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا دورا ئوكۇللارنى ئاپىرىپ بەردى ۋە ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. بۇلار ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقەتكە تولغان قوينىدىن ساقىغان تامچىلار، خالاس. دوختۇرخانىنىڭ ئەنە شۇنداق «كېسەلنى قۇتقۇزۇشنى مەركەز قىلىش»ى، ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، يۈكسەك كەسپىي ئەخلاقى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدە جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بىلەن دوختۇرخانىدىكى ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازى بارغانسېرى نۇرلىنىپ باردى.

دوختۇرخانا دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ داۋالاش سۇپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئاساسىي خىزمەت نىشانى قىلىپ، ساپا قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ تېخنىكا، ئۇسكۇنە، مەبلەغ ۋە ئىختىساسلىقلار رىقابىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش دوختۇرخانا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە قاتارىغا قويۇلدى. دوختۇرخانا پارتكومى «تەرەققىيات چىڭ قائىدە» نى چىقىش نۇقتىسى، پەن تېخنىكىنى بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى سىياسەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شاڭخەي شەرق دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق چوڭ دوختۇرخانىلار بىلەن ھەمكارلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ۋە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەربىيىلىنىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. داۋالاش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دوختۇر ـ سېستىرالارنى سىرتلارغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، سىرتتىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ تېخنىكا ئۆگەندى.

2001 ـ يىلى دوختۇرخانا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 2002 ـ يىلى دوختۇرخانا پارتكومى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، دوختۇرخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سىياسى ئاڭ ۋە كەسپ ئىستىلى بويىچە تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى. دوختۇرخانا رەھبەرلىك بەنزىسى مۇلازىمەت ئېڭى، بازار ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «كېسەللەرنى مەركەز قىلىش» پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىمارلارنى ھۆرمەتلەپ، سۇپەتنى ئاساس قىلىپ، داۋالاش ئىشلىرىدا بىخەتەر بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. داۋالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىمارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن سۇمۇرۇش ئاپپاراتى، CTئاپپاراتى قاتارلىق ئۇسكۇنىلەرنى كىرگۈزۈپ، داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. دورا باھاسىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ ، بىمارلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى

زور دەرىجىدە يەڭگىللەتتى.

2002 ـ يىلى، دوختۇرخانا ئاپتونوم رايوننىڭ دائىملىق تەربىيە پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «جىددىي قۇتقۇزۇشنى ئۆگىنىش سىنىپى» تەسىس قىلىپ دوختۇر ـ سېستىرالارنى تەربىيىلىدى. يېزا ـ بازار دوختۇرخانىلىرىدىن 270 تىن كۆپرەك ئادەمنى داۋالىق تەربىيىلىنىش بويىچە تەربىيىلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشتى.

نۆۋەتتە، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئاپتونوم رايون بويىچە «مېيىپلارنى داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇرپاندىكى ئاسپىرانت تەربىيىلەش نۇقتىسى ۋە ئوقۇتۇش پراكتىكا نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى 25 يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا بىر تۈركۈم پېشقەدەم سەھىيە خادىملىرىنىڭ، بارلىقىنى داۋالاش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى، خۇنەندىن شىنجاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىرلارنىڭ ياردىمى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا تۇرپاننىڭ داۋالاش ۋە سەھىيە، سالامەتلىك ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئۆچمەس ئابىدىسىنى تىكلىدى.



مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكۈچى، سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، تېببىي خادىملارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋۇ دېگيۈن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا.




60 يىللىق جاپا مۇشەققەتلىك تارىخ جەريانىدا جۇمھۇرىيەتكە ئەگىشىپ قەدەممۇ ـ قەدەم تەرەققىي قىلغان تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1945 ـ يىلى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدىكى دوختۇر ۋە دورا، ئوكۇللار ئىنتايىن كەمچىل بولغان داۋالاش پونكىتىدىن بۈگۈنكى كۈندىكى ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدە زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك دوختۇرخانىغا تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى ۋە بۇ 60 يىل جەريانىدا تارىخ بېتىگە يارقىن ئىزلارنى سالدى. تۇرپان داۋالاش پونكىتىدىن تۇرپان ناھىيىلىك شىپاخانىغا، تۇرپان ناھىيىلىك شىپاخانىدىن تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تەرەققىي قىلغان بۇ دوختۇرخانا گەرچە ئىسمى كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ھەرگىز ئۆزگەرمىدى. 60 يىللىق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا دوختۇرخانىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تىببىي ئىلىمگە بولغان ئىزدىنىش، ئىنتىلىشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى. قېرىنداش دوختۇرخانىلار بىلەن

بىرلىكتە تۇرپاننىڭ داۋالاش سەھىيە ئىشلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تەرەققىيات تارىخىنى يېزىپ چىقتى.

1949 ـ يىلى ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دوختۇرخانا پەقەت 9 خىزمەتچى خادىم بىلەن يىللىق داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دوختۇرخانا خۇددى يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك بولدى. 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە دوختۇرخانىدىكى دوختۇر ـ سېسترالار سانى 42 گە يېتىپ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، خىمىيىلىك ئانالىز قىلىش بۆلۈمى، جۇڭگوچە غەربچە دورىخانا، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى، ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى.... قاتارلىق بۆلۈملەر قۇرۇلدى. بىر رېنتگىن ئاپپاراتى ۋە بىر مىكروسكوپ بار بولدى. كارىۋات سانى 50 كە يېتىپ، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلق بىمارلىرىنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئاق خالاتلىق جەڭچىلەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دوختۇرخانىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان



تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى بولۇپ كىرگۈزۈلگەن ئىلغار CT ئاپپاراتى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھا- ياتىي كۈچ بېغىشلىدى. نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپا مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلىشى، تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا دوختۇرخانا ئىلمىيلاشقان، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىلغارلاشقان، تېخنىكا سۈپىتى ئەلا، داۋالاش، تەربىيە، تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى « ئىككى A دەرىجىلىك دوخ- تۇرخانا»، « بوۋاقلارنى ئاسراش دوختۇرخانىسى»، « ۋىلايىتىمىزدىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانا» ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك « مەدەنىي ئورۇن»غا ئايلاندى. شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم را- يونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، لەنجو ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىنىڭ ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى بىلەن ھەمكارلىق دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

ھازىر دوختۇرخانىدىكى كارىۋات سانى 219 غا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 274 كە، ساقلىقنى ساقلاش تېخنىكا خادىملىرى 210 غا يەتتى. بۇنىڭ ئى- چىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 11، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 71 بولۇپ، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى خادىملار % 50 نى ئىگ- لەيدۇ. ھازىر دوختۇرخانىدا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەل- لىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمى، جىددىي قۇتقۇزۇش مەر- كىزى، بەش ئەزا بۆلۈمى، ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى، دورىخانا ، B تىپلىق ئاپپاراتتا تەكشۈرۈش بۆلۈمى، يۈرەك تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىن ئىبارەت 20 دىن ئارتۇق تېخنىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى بار. كېسەلخانىلارغا ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان. دوختۇرخانىنىڭ مۇقىم مۈلكى 25 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، 2004 يىلى دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش قېتىم سانى 70 مىڭ ئادەم قېتىمغا، بالنىستتا ياتقانلار 6000 ئادەم قېتىمغا، كارىۋاتلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى % 71.6 گە يېتىپ،يىللىق كىرىم 20 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دوختۇرخانا بالنىست مۇھىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، CT ئاپپاراتى، CR سىستېمىسى، MA 800 رەقەملىك





ئاشقازان ئۈچەي تەكشۈرۈش رېنتگېن ئاپپاراتى، C تىپلىق رېنتگېن ئاپپاراتى، رەڭلىك تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، چوڭ تىپتىكى ئاپتوماتىك بىئو خىمىيىلىك تەھلىل قىلىش ماشىنىسى، يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن بىلەن داۋالاش ئاپپاراتى، تېز توڭلىتىش پارچىلاش ماشىنىسى، رەڭلىك سۈرەت ۋە يېزىقتىكى كېسەللىك ئارخىپىنى دوكلات قىلىش سىستېمىسى، تېلېۋىزىيىلىك قورساق بوشلۇقى ئەينىكى، بالياتقۇ بوشلۇقى ئەينىكى، جىنسىي يول بوشلۇقى ئەينىكى، ئىمپورت قىلىنغان نەپەسلەندۈرگۈچ، ناركوز قىلىش ماشىنىسى قاتارلىق ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىدى ۋە كومپيۇتېرلاشقان باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بىمارلارغا ئازادىلىك، يۇقىرى داۋالاش ئۈنۈمى ۋە قولايلىق ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ ئاساستا دوختۇرخانا رەھبەرلىك بەنزىسى «ئىچكى قىسىمدا سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تاشقى قىياپەتتە يېڭىلىق يارىتىش»نى كۆچەيتىپ، ھەممە تەرەپتىن ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، كەسپىي خادىملارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش، «سىرتقا چىقىپ ئۆگىنىش، تەكلىپ قىلىپ ئۆگىنىش» قارىلىق دوختۇرخانىنىڭ تېخنىكا سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. تاشقى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بۆلۈملەرنىڭ ھەزىم قىلىش يوللىرى كېسەللىكلىرىنى تۆپ يىلتىزىدىن داۋالاش، مۇرەككەپ سۆڭەك كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيىسى، تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قاتارلىقلار دوختۇرخانا داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ يورۇق نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى « بىمارلارنى مەركەز قىلىش»تەك مۇلازىمەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جان دىلى بىلەن بىمارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، يۇقىرى داۋالاش سۈپىتى، ئەلا مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى بىلەن تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى داۋالىدى. يېزىلارغا بېرىپ داۋالاشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ داۋالىنىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىزچىل ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «-ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى»، «بەشتە ياخشى پارتىيە ياچېيكـــسى»، «

ئىلغار ئاساسى قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «-سارسىنىڭ ئالدىنى ئىلىشتىكى ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى» قاتارلىق شە-رەپلەرگە نائىل بولدى.

2005 ــ يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ھارپىسىدا، تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى يەنە بىر قېتىم سەكرەش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ بولسىمۇ زامانىۋىلاشقان، ئىلغار ئۈسكۈنىلىك ئوپېراتسىيە ئۆيى ۋە 120 كارىۋاتتىن تەركىب تاپقان تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە بىناسى پۈتۈپ، شىن-جاڭدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆت-تى. تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا تۇرپان خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەلا مۇلازىمەت قى-لىپ، تۇرپانىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈ-چۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقۇسى.




تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى




«نازىركوم» ـ پەقەت تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا خاس، روشەن رايون خاراكتېرىگە، ئىرەن ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىندۇرمىسىغا ئىگە بولغان ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق خەلق مۇزىكىسى بولۇپ، «نازىركوم» دېسە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا شوئانلا تۇرپانلىقلار، يۇمۇرلۇق خەلق ئۇسسۇلى كېلىدۇ. ئادەتتە تۇرپاندا قانداقلا مەشرەپ، مەرىكىدە بولسۇن، قانداقلا سورۇن، زامانىۋى رېستورىاندا بولسۇن كۆڭۈل ئېچىش، سەنئەت پائالىيەتلىرى قىزغىن، شوخ، يۇمۇرلۇق نازىركوم ئۇسسۇلى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىز بۇنىڭدىن نازىركومنىڭ تۇرپان كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

نازىركوم كۆپىنچە نىكاھ تويى، سۈننەت توي ۋە ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى ئورۇندىلىپ، شاد ـ خۇراملىق، تەنتەنىلىك سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: «نازىركوم — ئۇيغۇر خەلق كۈيلىرىدىن بىرى ۋە شۇ كۈيگە ئويىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل، ئۇ ئاساسەن تۇرپان ۋىلايىتىدە ئومۇملاشقان» دېيىلگەن.

نازىركوم ئۇسسۇلىنىڭ دەسلەپكى بىخلىنىشى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 740 ـ 840 ـ يىللىرى) ۋە مىلادىيىنىڭ 866 ـ يىلى تۇرپاندا قۇرۇلغان قوچو ئۇي-

غۇر خانلىقى دەۋرلىرىدىلا «نازىركوم» ئۇسسۇلىنىڭ دەسلەپكى ئىپادى-لىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان. خانلىقلار ـ بەگلىكلەر ئارا ئېلىپ بې-رىلغان ئۇرۇش ـ جەڭلەردە سەپ تۈزۈش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ئات بەيگىسى قاتارلىق ھەربىي ئىش ـ پائالىيەتلەردە ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، ھەرى-كەت بىرلىكى ۋە جۇشقۇن كەيپىيات پەيدا قىلىنىپ، ئۇرۇش ياكى مۇ-سابىقىنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن جەڭ غەلى-بىسىنى، يىللىق مول ـ ھوسۇلنى تەبرىكلەش، ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە تەنى-تەنە قىلىش قاتارلىق چوڭ يىغىلىشلاردا ئۇرۇش جەريانىدىكى ئوق تېگىپ يارىلانغان دۈشمەنلەرنى، ئوۋ مەزگىللىرىدىكى ئوقتا يارىلانغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، ياۋايى قۇشلارنى ھەجۋىي قىلىپ دوراپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى نازىر-كومنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

تەتقىقاتچى ئابدۇقەييۇم خوجا مۇنداق دەيدۇ: «ئىپتىدائىي ئۇسسۇل ـ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىگۈچى ۋاستە بولۇپ، ھەر قانداق بىر قەدىمكى ئۇرۇق، قەبىلە، مىللەت ياكى خەلق بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچرىغاندا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەتنى ئۇچرات-قىلى بولمايدۇ. قەدىمكى زاماندا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقاندا، ئۆز خۇ-شاللىقلىرىنى قانداقتۇ بىر خىل ئۇسسۇل خاراكتېرىگە ئىگە ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەن، قىيا تاش رەسىملىرىدە بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر تەس-ۋىرلەنگەن. كېيىنچە ئۇ ھەرىكەتلەر ھەر قېتىملىق ئوۋنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل رىتىملىق ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. شۇڭلاشقا، ھازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىرىنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئۇسۇللاردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ... ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى قەدىمىيلىكى ياكى نەپىسلىكى جەھەتتىن ئالەمگە مەشھۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان

«دولان سەنىمى» قاتارلىق ئۇسسۇللار ۋە «نازىركوم» ئۇسسۇلىدىكى هاي-ۋاناتلارنىڭ هەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئوينىلىدىغان هەر خىل كۈل-كىلىك هەرىكەتلەر قەدىمىيلىكى جەھەتتىن تولىمۇ قىممەتلىك ئورۇندا تۇرىدۇ... «نازىركوم» ئۇسسۇلىدا ئۇسسۇل تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە ئۇسسۇلچىلار ئاجايىپ كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق هەرىكەتلەر بىلەن ئۆز ماهارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ هەر خىل هايۋانلارنىڭ هەرىكىتىنى دوراپ ئوينىغاندا، ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنىڭ بىرى يېگىپ چىققان هايۋاننىڭ ئوبرازىنى دورىسا، يەنە بىرى يېگىلگەن هايۋاننىڭ ئوبرازىنى دوراپ ئوينايدۇ، مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق، ئوۋ-چىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان بىر-دىنبىر نەمۇنىلىرى هېسابلىنىدۇ».

تۇرپان خەلق ئۇسسۇللىرىدىن بىرى بولغان «نازىركوم» دەۋردىن ـ دەۋرگە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، رايوندىن ـ رايونغا كۆچۈپ تارقالغان (مە-سىلەن: «نازىركوم»نىڭ ئىلى رايونىدا «قارا يورغام» دەپ ئاتىلىشى بۇ-نىڭ بىر مىسالى). بۇ ئۇسسۇلدا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئىچكى هېسسىياتىنى پۈت ـ قول ۋە بەدەن هەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. دەۋرلەر مابەي-نىدە ئۇسسۇلنىڭ تۇرمۇشچانلىقى بارغانسېرى ئېشىپ، كۆچىيىپ تەرەق-قىي قىلىپ، دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۆتۈش جەريانىدا پىششىقلىنىپ، تاۋلى-نىپ، مۇكەممەللىشىپ، مۇئەييەن بىر كوللېكتىپ ئۇسسۇلغا هەممە ئادەم ئۆزىنىڭ هېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇلغا ئايلانغان.

نازىركوم ئۇسسۇلى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «خىرىس» ئۇسسۇلى بولۇپ، نازىركوم ئوينىلىدىغان سورۇنلاردا هەرگىز يالغۇز كىشى ئورۇنددا-مايدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن «خىرىس» قىلىشىپ ئوينايدۇ. توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردە چوقۇم «نازىركوم» ئوينىيالايدىغان ماهىر ئۇسسۇلچى بولۇشى كېرەك، مۇبادا ما-هىر نازىركوم ئوينايدىغان كىشى بولمىسا، باشقا مەھەللە، كەنتلەردىن تەكلىپ قىلىنىدۇ ياكى مەھەللىلەر ئارا نازىركومچىلار ئۆزئارا بەسلىشىپ «خىرىس» قىلىپ ئوينايدۇ. يېڭىلگىنى مەيداندىن چېكىنىدۇ، يەڭگىنى

يەنە باشقىسىنى مەيدانغا چۈشۈشكە ئۈندەپ، «قايسىڭ چىقىسەن!» دې-
گەن ئىشارەت ـ ھەرىكەتلەر بىلەن غەلبىسىنى تەنتەنە قىلىپ، رىقابەت-
چىنى مەيدانغا چۈشۈپ بەسلىشىشكە چاقىرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن تاماشىبىنلار
توپىدىن يەنە بىر نازىركومچى مەيدانغا چىقىپ، ئويۇننى ئەۋجىگە كۆتۈ-
رىدۇ. ئەگەر يېڭىدىن چۈشكەن نازىركوەچى ھەرىكىتى چاققان، تېتىك،
ھەرىكەت رەڭدارلىقى ئۇستۇن ھەم كۈچلۈك بولسا شۇ يېڭىپ، غەلبىنى
تەنتەنە قىلىپ، نازىركوم ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن پەللىسى
«چاققا ـ جۇمبۇرچاق»قىچە ئويناپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئې-
رىشىدۇ. بۇ غەلبىنى قولغا كەلتۈرگۈچە ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلى-
نىدۇ. نازىركوم ئۇسسۇلىنى ئوينىغۇچى چوقۇم كۈچلۈك بەدەن ساپاسىغا
بولۇشى كېرەك.

«نازىركوم» ئاھاڭى ئالتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، «نازىركوم»نىڭ
1 ـ بۆلىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى لەرزان، مەردانە، سالماق بولۇپ، بۇ كۈي
چىقىشى بىلەنلا ئادەمنىڭ زوقىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۇسسۇل
ئوينىغۇسى كېلىدىغان بىر خىل قىزغىن كەيپىيات ھاسىل بولىدۇ. 2 ـ
بۆلىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى 1 ـ بۆلىكىگە قارىغاندا قىزغىن كەيپىيات يەنە
بىر بالداق كۆتۈرۈلىدۇ. 3 ـ بۆلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاھاڭ رەڭدارلىقى
ئالدىنقى بۆلەكلەرگە قارىغاندا كىشىنىڭ زوقىنى ئالاھىدە قوزغايدۇ. كەڭ
تاماشىبىنلارغا يېڭىچە تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. 4 ـ بۆلىكىنىڭ ئالاھىدىلى-
كى ـ ئۇدار شەكلىدە ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، ئالدىنقى بۆلەكلەرگە
ئوخشىمىغان ئاساستا ھەرىكەتتە شوخ، تېتىك بولغان كەيپىياتنى ھاسىل
قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇسسۇلچىدا كېيىنكى بۆلەككە ئىختىيارسىز ئىنتى-
لىدىغان بىر خىل كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكى، يەنى
5 ـ بۆلىكى «نازىركوم»نىڭ ئەۋجىگە چىققان بۆلىكى بولۇپ، بۇ بۆلەك
«نازىركوم»نىڭ ئاساسلىق بۆلىكى بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. بۇ بۆلەك ئورۇن-
دالغاندا ئەتراپتىكى تاماشىبىنلار ئىختىيارسىز ھالدا سورەن ـ چۇقان
كۆتۈرۈپ، سورۇنغا ئالاھىدە بىر خىل كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئۇسسۇلچىلارمۇ
ئالاھىدە زوقمەنلىك بىلەن خىلمۇ خىل ھەرىكەت ئىپادىلىرى ئارقىلىق
ئۆزلىرىنىڭ ماھارەتلىرىنى ئالاھىدە نامايان قىلىدۇ. تۇگەللىمە قىسمى

«چاقا ـ جۇمبۇرجاق» ئاھاڭى بولۇپ، بۇ قىسىمدا ئۇدار «ئالالمايسەن ـ ھە ـ ھە» دېگەن ئۇندىگۈچى، دەيدەيگە سالغۇچى سۆز بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بۇ قىسىم مەيدانىدا نازىركوم ئويناپ ئەڭ ئاخىرى باشقىلارنى شاللاپ، تاللىنىپ چىققان ياكى باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ھەزىل قىلىقى، كۈچلۈك دوراش ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭىپ كەلگەن نازىركومچىلاردىن ئىككى كۈچلۈك رىقابەتچى تەڭ كېلىپ قالغاندا ئورۇندىلىدۇ. ئادەتتە كۆپىنچە ھاللاردا ئەگەر كۈچلۈك ماھىرلار بولمىسا «نازىركوم» بۇ قىسىمغا بارمايلا ئاخىرلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، «نازىركوم» يۇقىرىقى ئالتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

«نازىركوم» ئاتالغۇسى ھەققىدە پىچان لۈكچۈنلۈك مەرھۇم يازغۇچى، تارىخچى ھېلىمنىياز قادىر مۇنداق دەپ قارايدۇ:

بۇرۇنقى دەۋرلەردە «تۇرپان مۇقامى»نىڭ تۈگەللىمە قىسمى «دۈم ـ دۈم چۈشۈرگۈسى» دەپ ئاتىلاتتى. «دۈم ـ دۈم چۈشۈرگۈسى»دە ھازىرقى بىز دەۋاتقان نازىركومغا خاس ئۇسسۇللار ئوينىلاتتى. دېمەك، «نازىركوم» تۇرپان مۇقامىنىڭ ئورتاق چۈشۈرگۈسى بولۇپ، «تۇرپان مۇقامى»نىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «قوچو كۈيلىرى»دە بار بولغاچقا، «نازىركوم»نىمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى قاچانلاردا، كىم تەرىپىدىن «نازىركوم» دەپ ئاتالغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك:

مەشھۇر تۇرپان ۋاڭى ـ ئىمىن غوجا دەۋرىدە لۈكچۈندە نازىراخۇن ئىسىملىك بىر ئاتاقلىق ھەجۋىي ئۇسسۇلچى ئۆتكەن. ئۇ ئىمىن غوجىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوردىغا كىرىپ، ئىمىن غوجىنىڭ تۇغما مېيىپ ئوغلى نۇرمۇھەممەت غوجىغا ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ، ھەجۋىي ئۇسسۇللارنى ئويناپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغان. ئۇ ھېچقانداق چالغۇ، مۇزىكىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئاغزىدا داپنىڭ دۈمگە كەلتۈرۈپ، «گۈم»، «گۈم» دەپ ياۋۇز چىقىرىپ، ھەر خىل ھايۋانلارنى، باي، پارىخور ئەمەلدارلارنى، زومىگەر ئوغرىلارنى، ھەتتا نازىنىن بۇزۇق ئاياللارنى دوراپ ئويناۋەرگەن. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئىمىن غوجا نازىرئاخۇننى «نازىرگۈم» دەپ ئاتىغان. بۇ ئىسىم بارا ـ بارا «نازىركوم»غا ئۆزگەرگەن.



# تۇرپان مۇقامى

تۇرپان مۇقامى ـ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ۋارىيانتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزگىچە خاسلىق، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ تۇرپان رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان، نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادتقا ئېيتىلىپ، خەلقنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەرگە ئايلانغان. «تۇرپان مۇقامى»نىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا «داپسىز ناخشا ئېيتىلمايدۇ، داپسىز ئۇسسۇل ئوينالمايدۇ، داپ ئۆزگەرسە مۇزىكىمۇ ئۆزگىرىدۇ، مۇزىكا ئۆزگەرسە ئۇسسۇلمۇ ئۆزگىرىدۇ».

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپە؛ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى مىسلىسىز چاقناپ تۇرغان گۆھەر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئىستەك ـ ئىنتىلىشلىرى، تارىخىي رېئاللىقتىن ھاسىل قىلغان مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرى مۇزىكا،



ئەدەبىيات، ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇ خىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ئاكۇستىك مۇزىكا، چالغۇ مۇزىكىسى، بەدىئىي ئەدەبىيات، دراما، ئۇسسۇل شەكىللىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، لىرىكا بىلەن ئېپىكا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇنداق مۇزىكا شەكلى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا ئالاھىدە مۆجىزىدۇر. مۇقامنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشى كەڭ ھەم چوڭقۇر، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئاساسەن تۆت خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار قەشقەر، يەكەن، خوتەن ئەتراپىغا تارقالغان «ئون ئىككى مۇقام»، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە غەربىي شىمالىدا يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىن تارتىپ تارىم دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان جايلاردىكى يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق رايونلاردا تارقالغان «دولان مۇقامى»، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا قۇمۇل رايونىغا تارقالغان «قۇمۇل مۇقامى»، شۇنىڭدەك تۇرپان رايونىغا تارقالغان «تۇرپان مۇقامى»قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مۇقاملار خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئېيتىلىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان كەڭ خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

تۇرپان مۇقاملىرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ۋارىيانتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاساسىي لىنىيە جەھەتتىن ئۆزئارا ئوخشىسىمۇ، خاسلىق جەھەتتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇمامى» راك، چەبىيات، مۇشاۋرەك، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، ناۋا، بايات، سىگاھ، ئىراق قاتارلىق ئون ئىككى مۇقامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ دېگەن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن، ھەر بىر قىسىم تۆت ئاساسىي سۇتۇق ۋە بىر قانچە تۇرلەنمە (ئىنۋېرسىيە) كۈيلەردىن تەركىب تاپقان. مۇقام تېكىستلىرى كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ناۋائىي، سەئىدى، رەشىدى، نەفىسى، قېدىرخان، گومنام، زەلىلى، نۆۋبىتى، نىزارى، مەشرەپ، نىيازى، قەلەندەر، مەشھۇرى، موللا بىلال قاتارلىقلارنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆز ئىچى-

گە ئالغان.

تۇرپان مۇقاملىرى بولسا راك، چەببيات، مۇشاۋرەك، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۇشاق، ناۋا، سابا، ئىراق، بايات، دولاندىن ئىبارەت ئون بىر مۇقامدىن تەركىب تاپقان، ھەر بىر مۇقام مۇقەددىمە، چېكىت، يالاڭ چېكىت، قوش چېكىت، جۇلا، سەنەم، سەلىقە قاتارلىق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇقاملار ئاساسەن تۇرپان خەلق ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تېكىستلىرى چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ.

تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكىللىرى قوچو خانلىقىنىڭ 7 ـ ئەسىردىكى خاقانى كۆي جەمەتىگە يەنى ماختاش، مەدھىيلەش، كۆيلەش دېگەن مەنىدىكى «قوچو كۆيلىرى» گە تۇتىشىدۇ. تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ناغرا ـ سۇناينىڭ گەۋدىلىك رولدا بولۇپ، باشقا مۇقاملاردا ناغرا ـ سۇناي چېلىنمايدۇ، تۇرپان مۇقاملىرىدا بولسا ناغرا ـ سۇناي ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. مۇقاملارنى ناغرا ـ سۇناي بىلەنمۇ، باشقا ھەر قانداق مۇزىكا بىلەنمۇ ئورۇندىغىلى بولىدۇ. مۇقاملارنىڭ رىتىمى بىر قەدەر تېز، شوخ بولۇپ، باشلىنىشى بىلەنلا ئۇسسۇل ئوينىغىلى بولىدۇ. ئاھاڭدارلىقى، ئەسىرچانلىقى، رىتىمدارلىقى كۈچلۈك، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدۇ، ئاجايىپ پاساھەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك، ئوبرازلىق تېكىستلەر كىشىنى چوڭقۇر ئويلارغا غەرق قىلىدۇ. مۇقاملارنىڭ ۋاقتىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئەڭ قىسقىلىرىنى ئورۇنداشقا يېرىم سائەت، ئۇزۇنلىرىنى ئورۇنداشقا بىر يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ئاساسەن ناغرا ـ سۇناي، ساتار، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىقلار بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. تېكىستلەردە مۇھەببەت، سېغىنىش، تىلەك قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

لۈكچۈن ـ تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، بۇ يەر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان مەزگىللەردىلا مۇقاملار رەتلىنىشكە باشلىغان. لۈكچۈندە 16 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىمىننىياز شەيخ تۈنجى ئەۋلاد مۇقامچى سۈپىتىدە داڭق قازانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن نازىراخۇن،

جانانلار، ھەسەن بالا، ئابدۇللا بالا، ئەھەت بالاڭزا، ئىسمايىل مەزىن، نۇر-سۇۋاڭ، شېرىپ ساۋۇت ئۇستا، يۇسۇپ سىيىتنىياز پەمباش، ئاۋۇت روزىمەت تۇڭ قاتارلىق بىر قانچە ئەۋلاد مەشھۇر مۇقام ئۇستازلىرى يېتىشىپ چىقىپ، مۇقاملارنىڭ بۇگۈنكى كۆلەمگىچە يېتىپ كېلىشىگە يۇرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان. ھازىر لۈكچۈندىكى 6 ـ ئەۋلاد مۇقامچىلاردىن تۇرسۇن ئىسمايىل، مۇھەممەت ئىبراھىم، ئېزىز نىياز، مۇھەممەت نىياز، ئاۋۇت گۈلى قاتارلىقلار مەملىكەت ھەتتا خەلقئارا سەھنىلەردە مۇقام ئورۇنداپ تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلماقتا. 1997 ـ يىلى لۈكچۈن بازىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن «مىللىي سەنئەت ماكانى»، 2003 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دەپ نام بېرىلدى. تۇرپان رايونىدا يەنە پىچاندا «تىلەك» نامى بىلەن، توقسۇندا «دەرد ـ داغ»نامى بىلەن ئاتالغان يەرلىك مۇقاملارمۇ بار.

تۇرپان مۇقاملىرى نەچچە ئەۋلاد مۇقامچىلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يەتكۈزۈشى بىلەن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. 1993 ـ يىلى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مۇقامچىلارنى تەشكىللەپ، تۇرپان مۇقاملىرىنى رەسمىي ئۈنئالغۇغا ئالغان. 1999 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تەرەققىيات مەركىزى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىرلىشىپ تەشكىللىشى بىلەن ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تېكىستلەرنى، ئۆلچەملىك نوتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى تۇرپان مۇقاملىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ۋە VCD پلاستىنكىسى ئىشلەندى.

# دەرد ـ داغ مۇقامى

## (دەرد ـ داغ قانداق مۇقام؟)

دەرد ـ داغ مۇقامى ــ توقسۇن خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مۇقامى.

«دەرد ـ داغ» ئاتالغۇسى لۇغەت مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «دەرد ـ ئەلەم دېگەنى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ توقسۇن خەلقىنىڭ تارىخىدا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. زۇلمەتلىك يىللاردىكى نادامەتلىك ئۆتمۈشنى، ئەركىنلىك، ئازادلىق، چىن مۇھەببەتكە بولغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا باشقا مۇقاملارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى، مەدە-نىيەت ۋە پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن.

«دەرد ـ داغ» مۇقامىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا مۇزىكا قۇراللىرىنىڭ ئالا-ھىدىلىكى داپ، قوش تارىلىق، يەككە تارىلىق ياكى روشەن ماسلىشى-چانلىقتا ئىگە غىجەك، ستار (ساتار) ۋە باشقا مۇزىكا رىتىملىرى، ئۇدار-لىرى، ئاھاڭ مۇساپىسى، ئاھاڭ پەرىقى، ئاككورت تۈزۈلمىسى، باشلىنىش ۋە چۈشۈرۈلۈش مۇناسىۋىتى، يوكۇس چىقارغۇچى ئاۋازلار، مۇزىكا چېلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىق بىر يۈرۈش بەدىئىي ئامىللار روشەن گەۋدىلەنگەن. ئۇ مىللىي ناخشا، مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل رىتىمى بىلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇپ ۋە پۇراققا ئىگە بولغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇقامدۇر.

1981 ـ يىلى توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان «نەغمىكەش»، «ھاپىز»لىق بىلەن شۇ-غۇللىنىپ كېلىۋاتقان 40 تىن ئارتۇق پېشقەدەم سەنئەتكارنى يىغىپ، ئۇلار

ئورۇنداپ كېلىۋاتقان ھەر خىل نەغمە ۋە ناخشىلارنى، مۇقام ئاھاڭلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ قۇتقۇزۇش بىلەن ئېلىپ باردى.

1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «دەرد ـ داغ» مۇقامى بايقىلىپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئىسپاتلىشى ئارقىلىق ھەقىقەتەن توقسۇندىكى مەشرەپلەر، توي ـ تۆكۈن، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىشلاردا ئورۇنداپ كېلىۋاتقان، ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ گۈل تاجىسى بولۇپ كەلگەن «دەرد ـ داغ» مۇقامىدىن ئىبارەت مۇقام مۇئەييەنلەشتى.

دەرد ـ داغ مۇقامىنى باشتىن ـ ئاياغ تولۇق ئورۇنداپ كېتەلەيدىغان ئەزىنۋاقى بوغىچى، توختى «دەرد ـ داغ» (توختى ئابدۇرېھىم ئاكا ـ ئۇكىلار «دەرد ـ داغ» مۇقامىنىڭ ئۇستىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەبئىي ھالدا «دەرد ـ داغ» لەقىمى سىڭىپ كەتكەن)، ئابدۇرېھىم «دەرد ـ داغ» قاتارلىق بىر مۇنچە پېشقەدەم ئۇستىلار بىر ـ بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مۇقام گاھىدا پارچىلىنىپ، گاھىدا تولۇقلىنىپ، ئۇنىڭ گەۋدىسى خەلقتىن ئىبارەت بۇ مۇزېي ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

توقسۇن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ەۇقامنى رەتلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن يولداش تۇرسۇن روسۇل بۇ مۇقامنى ئەسلىدىكى 12 مۇقام نەغمىلىرى، داستان، مەشرەپلەرگە سېلىشتۇرۇپ، قۇمۇل، پىچان ۋە تۇرپانلارغا بېرىپ، ئىككىنچى بىر ۋارىيانتى بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈردى ۋە سېلىشتۇردى. نەتىجىدە دەرد ـ داغ مۇقامى پەقەت توقسۇندىلا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇقام ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ رەتلەشكە كىرىشتى.

توقسۇن خەلقىنىڭ تارىخىنى، تۇرمۇشىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ مۇقام تېكىستلىرى تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلاردىن ناۋائى، ھۇۋەيدا، شاھمەشرەپ، نۆبىتى، فۇزۇلى قاتارلىقلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغاندىن سىرت، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى

بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قوشاق ـ بېيىت تېكىستلىرىدىن تەركىب تاپقان.

مۇقامدا بىر مۇقەددىمە، 27 نەغمە، 6 چۇشۇرگە، 7 مەرغول بار. «دەرد ـ داغ» مۇقامىنى پېشقەدەم مۇقامچىلار «توققۇز چىكىت»، «جۇلا»، «چۇ-شۇرگە»، «قوش دۇم»، «دۇمباق دۇم» دېگەندەك يەرلىك نەغمە ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتاپ كەلگەن. مۇقام مۇقەددىمىسىنى ساتار ياكى داپ بىلەن مۇقام ئۇستازى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، شېرىكلىرى قوللىرىدىكى داپ، مۇزىكىلىرى بىلەن تەرتىپلىك، ئوخشاش رىتىم بىلەن مۇزىكا ۋە ناخشىغا ماسلىشىدۇ. مۇقام تاماملانغان باسقۇچقا كەلگەندە، مۇقام مۇقەددىمىسىنى ئورۇندىغۇچى ئۇستاز مۇقامنىڭ ئاياغ خاتىمىسىنى ئورۇنداپ تاماملايدۇ. سورۇندىكىلەر نەغمە باشلانغان مەزگىلدە ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى دېمەي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋې-تىدۇ.



توقسۇن سەنئەتكارلىرى

# بۇقا تېگىن

## (بۇقا تېگىن كىم؟)

بۇقا تېگىن (بەزى تارىخى مەنبەلەردە «بۆكۈ تېگىن»دەپمۇ ئاتىلىدۇ) —ئۇيغۇر تارىخىدىكى زور تارىخىي ۋەقە — ئورقۇن دەرياسى بويىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، خانلىقنىڭ تۇنجى ئىدىقۇتى.

مىلادىيە 840 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە ئاز كۆرۈلىدىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، يايلاقلار قۇرۇپ كەتتى. ئۆلگەن قوي ـ يىلقىلارنىڭ ئۇستىخانلىرى پۈتۈن قاغانلىقنىڭ زېمىنىنى قاپلىدى. يۇرتتا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، پۇقرالار يېزا ـ قىشلاقلارنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا زىددىيەت كۈچىيىپ كەتتى. ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غوللۇق ھەربىي سەركەردىسى كۈلۈگ باغاتارخان خانلىقنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ياشاۋاتقان قىرغىزلاردىن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئوردۇ بالىقنى ۋەيران قىلىپ، قاغاننى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن تارىخ سەھنىسىدە 100 يىلغا يېقىن قىلىچ ئوينىتىپ يۈرگەن بۇ خانلىق زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پېتىراپ كەتكەن ئۇيغۇرلار يېگى ماكان ئىزدەپ ھەر تەرەپكە تەشكىللىك ۋە تەشكىلسىز ھالدا كۆچۈشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەدەر تەشكىللىك ھەرىكەت ئېلىپ بارغان سان جەھەتتىنمۇ كۆپ بولغان بۆلەك مەڭلىك تېگىن (بەزى تارىخىي مەنبەلەردە پان تېگىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە بۇقا تېگىنگە ئەگىشىپ

ماڭغانلار ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا مەڭلىك تېگىنگە 15 قەبىلە ئەگەشىپ ماڭدى، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر كەڭسۇ دىيارىغا ئورۇنلىشىپ، 848 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۇيغۇر كەڭسۇ قاغانلىقىنى قۇردى. قالغان قىسمى داۋاملىق غەربكە قاراپ مېڭىپ، تۇرپاننى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئالغاندىن كېيىن، 851 ـ يىلى ئەتراپىدا قاراشەھەر، كۇچانى ئىگىلەپ، مەڭلىك تېگىن بۇ يەردە ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، يېڭى ماكان ئىزدەپ 10 نەچچە يىل كۆچۈپ يۈرۈش، ئۇرۇش قىلىش مەڭلىك تېگىننى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويىدى. دەل شۇ چاغدا بۇقا تېگىن زور بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلارنى باشلاپ تۇرپان قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ سانى توغرىلىق «200 مىڭدىن ئارتۇق» دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇقا تېگىن باشچىلىقىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار بېشبالىق، تۇرپان رايونىدا ئەسلىدىنلا ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن سىڭىشىپ، بىرلىشىپ، كۈچى تېخىمۇ زورايدى. بۇقا تېگىن كېلىشتىن بۇرۇن بۇ رايونلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ كېلىۋاتقان تىبەتلەر ئەمدى زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى ئازايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئارىدىكى توقۇنۇشلاردا بۇقا تېگىن ئۈزلۈكسىز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، تەسىر دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى. 866 ـ يىلى بۇقا تېگىن تىبەتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى. بۇ توغرىلىق «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»دە «شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى 9 ـ ئايدا (مىلادىيە 866 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە) ئۇيغۇرلار سەركەردىسى بۇقا تېگىن تىبەتلەرنىڭ سەركەردىسى زات كونبېزېرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە»دە بولسا «ئۇلۇغ ئىمپېراتور يىزۇڭ (859 873 ـ يىللار) ئىش باشقۇرۇپ تۇرغاندا، ئۇلۇغ داھى بۆكۈچىن بېيتىڭ (بەشبالىق)دىن تىبەتكە ھۇجۇم قىلدى. زان كونبېزېرنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە شىجۇ (تۇرپان)، لۈنتەي (ھازىرقى ئۈرۈمچى رايونى) ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىگىلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى



بۇقا تېگىننىڭ تىبەت ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن 866 ـ يىلنى دەل قوچو ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغان ۋاقىت دەپ قاراشماقتا. بۇقا تېگىن قاغان بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەڭلىك تېگىننى كۆچا، قارا شەھەردىن سىقىپ چىقاردى. (مەڭلىك تېگىننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق خاتىرە يوق) قاغانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىنى شىددەت بىلەن كېڭەيتتى. ھازىرقى قوچو قەدىمكى شەھىرىنى ئاستانە قىلىپ بېكىتتى. بېشبالىق يازلىق ئاستانە بولدى.

ھازىرغىچە بىزگە ئېنىق بولغان تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇقا تېگىننىڭ قانچە يىل سەلتەنەت سۈرگەنلىكىگە ئائىت مەلۇمات يوق. پەقەت P5007 ـ نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ خەنزۇچە كەمتۈك ئەسەر «تۆت رۇبائىي»نىڭ تۆتىنچىسىنىڭ سەرلەۋھىسىدە «بۇقا تېگىن ساماۋى پادىشاھ چيەنخۇنىڭ 3 ـ يىلى (876 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېۋىرغولنى مەغلۇپ قىلدى... جيۇچۇەننى بۇلاپ تالىدى. كېيىن يەنە تىنچلىق ئۇزۇلدى» دېگەن خاتىرىلەردىن بۇقا تېگىننىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 10 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

بۇقا تېگىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بىر قاتار ئىجابىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سودىنى جانلاندۇرۇپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزدى. ئورقۇن بويىدىن بۇقا تېگىنگە ئەگىشىپ چىققان چارۋىچى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەرلىك قېرىنداشلىرىنىڭ تەسىرىدە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچتى. قوچو ئۇيغۇر ئېلى سىرتقى جەھەتتە تىنچ، دوستانە دىپلوماتىيە سىياسىتىنى، ئىچكى جەھەتتە ئەلنى ئەمىن قىلىپ قۇدرەت تېپىش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزگەچكە، قوچو ئۇيغۇر ئېلى ناھايىتى تېزلا كۈچلۈك سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. تېررىتورىيىسى غەربتە خوتەنگىچە، شەرقتە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىگىچە كېڭەيدى. ئومۇمىي تېررىتورىيىسى 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتتى.

بۇقا تېگىن قۇرغان قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايتتى. خاننىڭ نامى



ئىدىقۇت بولۇپ، ئەلنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقى تامامەن شۇنىڭ قولىدا ئىدى. خانلىق مەنسىپى ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالاتتى.

بۇقا تېگىن ئورقۇن بويىدىكى ئۇيغۇرلارنى باشلاپ كېلىپ يەرلىك قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى تارىخ سەھنىسىدە 500 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈردى. بۇ خانلىق ھاكىمىيەتىنىڭ ئاخىرقى يۈز يىلىغا كەلگەندە موڭغۇللارغا بېقىندا بولۇپ قالدى. يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ چىققان خىزىر غوجىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالمىدى. 1393 ـ يىلى خىزىر غوجا قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.



قوچو قەدىمكى شەھرىدىكى بۇددا نوملىرىنى قىرائەت قىلىدىغان ئىبادەتخانا، بەزى رىۋايەتلەردە غەربكە نوم ئالغىلى بارغان تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ (تاڭ سېڭ) مۇشۇ ئىبادەتخانىدا تۇرغان، دېيىلىدۇ.

# سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ

سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدىن چىققان، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان ئالىم، ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە تەرجىمان. ئۇ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاراغوجا (قوچو) خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىقتا (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ يېنىدا) ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ داڭلىق بۇددا كىتابلىرى «بۇتساتىۋانىڭ بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى كامىل ئۇستازىنىڭ تەزكىرىسى» («شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى») بىلەن «ئالتۇن يارۇق» (تولۇق ئىسمى «ئالتۇن رەڭلىك يورۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان نوم، پادىشاھى ئاتاقلىق نوم پۈتۈك»)نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئاجايىپ ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان.

ئۇ ھەر خىل تىللاردىكى بۇددا دىنىغا ئائىت كۆپلىگەن دىنىي، ئەدەبىي مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. دېمەك، تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ قوچو ئېلىدىكى ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن باشقا پائالىيەتلىرى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس.

يۇقىرىقى ئىككى كىتابدا تەرجىمان ئۆزىنى سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ دەپ ئاتىغان. «سىڭقۇسەلى» ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى بولۇپ، «تۇتۇڭ» دېگەن سۆز



ئۇنىڭ راھىبلىق ئەمەلى ياكى راھىبلىق مەرتىۋە نامىدۇر. چۈنكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان ئالىم، ئەدىب، ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ راھىبلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇددا دىنى ئىلمىنىڭ ئىلىم دەرىجىسى بويىچە تۈرلۈك ئەمەل ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن.

تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئۆز تەرجىمىسى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلغان. تەرجىمان بۇددا ئاتالغۇلىرىنى ئىمكانقەدەر ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇنداقلا خەنزۇچىدا مەنا بويىچە تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان. بەزى بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنى (ھىندى) ئەنەتكەك تىلى بويىچە ئالغان. بۇ، تەرجىماننىڭ ئەنەتكەك تىلىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ ئۆز ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىپ، مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئەدىب ۋە تەرجىمان بولۇپ، ئۇ تەرجىمە قىلىپ، قايتا ئىشلەپ چىققان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ئىككى پارچە ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك مۈلكى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ۋە گۈلتاجىسىدۇر. ئالىمنىڭ نامى ئەنە شۇ ئىجادىي ئەمگىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئالتۇن بېتىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

# تاتاتوڭا

تاتاتوڭا 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ۋە ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇيغۇر ئالىمى بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىملىرى قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر زاتتۇر.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 ـ جىلد «تاتاتوڭانىڭ تەرجىمىھالى»دا كۆرسىتىلىشىچە، تاتاتوڭا ئادەتتىكى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىچىكىدىنلا بىلىم ئېلىشقا چىن دىلىدىن ئىشتىياق باغلاپ، بالاغەتكە يەتكەندە موڭغۇل تىلى بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

«توڭا» تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە، ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ مەنىسى «باتۇر»، «يولۋاسنى يەڭگۈچى» دېگەن بولىدىكەن. تاتاتوڭا قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىن بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق، مول بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تىلىدا كامالەتكە يەتكەن ئىدى. نايمان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تايانخان تاتاتوڭانىڭ قابىلىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى باش كاتىپلىققا ۋە مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلغان. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئالتۇن مۆھۈرنى تۇتقۇزۇپ، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان. تايانخان ئۇنى ئۇستاز دەپ ئىززەتلىگەن. بۇ جەھەتتە «‹يۈەن سۇلالىسى تارىخى› تاتاتوڭانىڭ تەرجىمىھالى»دا مۇنداق بىر خاتىرە بار: «تاتاتوڭا ئۇيغۇردۇر. ئاقىل، ناتىق، ئۆز ئېلىنىڭ تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەم، نايمان خانى تايان خاقان ئۇنى قەدىرلەپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان. ئالتۇن مۆھۈر ۋە مالىيە، ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇر-





غان.»

چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەزلەش-
كەن ھاكىمىيەت قۇرۇپ، نايمان خاقانلىقىغا خاتىمە بەردى. بۇ ۋاقىتتا
تاتاتوڭا مۆھۈرنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، چىڭگىزخاننىڭ لەشكەر-
لىرىگە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. چىڭگىزخان: «تايانىنىڭ خەلقى، ۋەتىنى ھەممى-
سى ماڭا قالدى، سىز تامغىنى ئېلىپ قېچىپ نېمە قىلماقچى؟» دەپ
سورىغاندا، تاتاتوڭا: «مۆھۈرنى ئۆلگىچە ساقلاش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم،
ئۇنى ئۆز خوجايىنىمغا تاپشۇرىمەن، باشقىلارغا بېرىشكە ھەققىم يوق!»
دەپ جاۋاب بەرگەن. چىڭگىزخان تاتاتوڭانىڭ ساداقەتمەن ئادەم ئىكەن-
لىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن مۆھۈرگە قىزىقىپ، ئۇنىڭدىن:
«تامغىنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟» دەپ سورىغان. تاتاتوڭا: «پۇل ۋە ئاش-
لىقنى كىرىم ـ چىقىم قىلغاندا، كىشىلەرنى خىزمەتكە تەيىنلىگەندە
ھەم ئىش ئورۇندىلىپ بولغاندا، ئىشەنچلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئاڭلىغاندا،
پۈتۈككە مۆھۈر باسماي بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چىڭگىزخان تاتا-
توڭانىڭ قابىلىيىتىگە، پەزىلىتىگە، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنى قا-
رارگاھتا ئېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يارلىق چىقارغاندا تامغىنى
ئىشلىتىدۇ. تاتاتوڭا ئاۋۋالقىدەكلا تامغىنى ئۆزى تۇتىدۇ. چىڭگىزخان
يەنە تاتاتوڭادىن: «سىز ئېلىڭىزنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ياخشى بىلەم-
سىز؟» دەپ سورىغاندا تاتاتوڭا: «بىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن چىڭگىزخان تاتاتوڭاغا موڭغۇللارنىڭ شاھزادە، بەگزادىلىرىگە
ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرىدۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ موڭغۇل شاھزادىلىرى ۋە ئۇيغۇر بەگزادىلىرىگە
ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە كىرىشىپ، موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى
بىلەن خاتىرىلەپ، موڭغۇللارنىڭ تۇنجى يېزىقىنى ئىجاد قىلىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ ئۇيغۇر يېزىقى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئاسا-
سىي يېزىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا موڭغۇل خانلىرى غەربىي
يۇرتلۇق ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىغا تەقدىم قىلغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پاي-
دىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»گە ئوخشاش كىتابلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا

تەرجىمە قىلىنغان.

تاتاتوڭا خانبالىقتا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئاساسلىقى ئوردىنىڭ ھۆججەت ـ يارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، ئوردا ئەھلىلىرىگە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئۆگىتىش، مۆھۈرنى تۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

تاتاتوڭانىڭ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغانلىقى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش. چىڭگىزخان موڭغۇللارنى بىرلەشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، موڭغۇل مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش جەھەتتە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بولسا، تاتاتوڭا ئۇنىڭ مۇھىم ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغ نامغا ئىگە يېزىقشۇناس ۋە پېداگوكتۇر. تاتاتوڭا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە موڭغۇل خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا ئاجايىپ زور روللارنى ئوينىغان شەخستۇر.



ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەت (بۇ جەسەت مىلادىيە 500 ـ يىللارغا تەۋە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو خانلىقىنىڭ ياندىش بەگ ئوردا سانغۇنىنىڭ جەستى)



# ئىمىن غوجا

ئىمىن غوجا(ئىمىن شەيخ، ئىمىن تۆرە، ئىمىن هاكىمبەگ، ئىمىن ئىنانچى خان دەپمۇ ئاتالغان) تارىختا داڭق چىقارغان، ئۇستۇن مائاش، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ قەدىرلەپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان ئايماق غوجىسى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 13 كىشى 6 ئەۋلاد بولۇپ، 1720 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە بولغان 211 يىلدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن 3 ناھىيە ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوندىن ئارتۇق ۋىلايەت ناھىيىگە هۆكۈمرانلىق قىلغان. پادىشاھ چيەنلۇڭ پايتەخت بېيجىڭدا ئۇنى ئىككى قېتىم قوبۇل قىلىپ، سىزما سۈرىتىنى جۇڭنەنخەيدىكى بىنەپشە نۇر راۋىقىغا ئاستۇرغان. ئۇنىڭ نامىغا تۇرپاندا مۇنار («سۇلايمان غوجا مۇنارى») تۇرغۇزۇلغان. يېقىندا يەنە مۇنارنىڭ ئالدىغا ئىمىن غوجىنىڭ چيەنلۇڭ خاننىڭ دەستىكىنى تۇتۇپ تۇرغان ھەيكىلى ئورنىتىلدى.



چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتى چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1755 ـ يىلى) جۇڭغارلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، غەربىي



شىمال چېگرىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇسۇلمانلار رايونى (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى) دىكى چوڭ ـ كىچىك غوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، غەربىي يۇرتتا بىر يۇرۇش ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە زور كۈچ چىقارغان قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا جاساق تۈزۈمىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ئەسلىدىكى بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

تۇرپان ھاكىمبېگى ئىمىن غوجا قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللادىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمدار. ئۇنۋانىنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىمىن غوجا «گۇڭ»لىققا ئېرىشكەن تۇنجى يەرلىك ئاقسۆڭەك ئىدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «جاساق فوگو گۇڭ» دېگەن نامنى بەرگەن ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئىمىن غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويىدۇ؟

ئىمىن غوجا كۆپ قېتىملىق شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك مەمۇرىي ۋەزىپە ۋە پەخرىي نام بەرگەن، مەرتىۋىسىنى يىلمۇ يىل ئۆستۈرگەن، «بىلگىنىنى ئېيتماي قالمايدۇ، ئېيتقانلىرىنىڭ نامۇۋاپىق يېرى يوق» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. ئىمىن غوجىمۇ چىڭ سۇلالىسىگە ھەمكارلىشىپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش، غەربىي يۇرتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشقان.

ئىمىن غوجىنىڭ ئاتىسى نىياز غوجا تۇرپان ئاستانىدىكى چوڭ ئاخۇن بولۇپ، «ھەزرىتى ئەلپەتتاھ خوجا مازىرى»نىڭ شەيخى، سوپىلار ئەۋلادى ئىدى. ئىمىن غوجا 1694 ـ يىلى ئاستانىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنكى مەزگىلدە بوۋىسىنىڭ ئىشانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇن مۇرت توپلىغان ۋە 1719 ـ يىللىرى ئەينى ۋاقىتتىكى لۈكچۈننىڭ بېگى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ۋەكىلى، چاغاتاي نەسەبىدىكى يەرلىك فېئودال ئەخمەت با-

قىبەگ («كىپىش بەگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، بەگ بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن غوجا تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان.

1720 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇن ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنىڭ سەردارى سىۋان ئارىبتاننىڭ بۆلگۈنچىلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، لۈكچۈنگە كەلگەندە ئىمىن غوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ تۇرپان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقاندا، ئىمىن غوجا ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ياردەملىشىدۇ.

1732 - جۇڭغارلارنىڭ قايتا - قايتا پاراكەندە قىلىشى ئارقىسىدا ئامالسىز قالغان ئىمىن غوجا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە تۇرپان رايونىدىكى 9 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى يېتەكلەپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ۋىلايىتىگە قاراشلىق گۇاجۇ ناھىيىسىگە كۆچۈپ بارىدۇ. بۇ يەردە 24 يىل تىرىكچىلىك قىلغاندىن كېيىن 1756 - يىلى ئاھالىنى باشلاپ يەنە تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ.

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، چىڭ سۇلالىسى راسا قۇدرەت تاپقان دەۋر ئىدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى داۋاچىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بەل باغلايدۇ. 1755 - يىلى تېخى خېشى رايونىنىڭ ئەنشى ۋىلايىتىدە تۇرۇۋاتقان ئىمىن غوجا 300 دەك ئەسكىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئىلى رايونىغىچە بارىدۇ. بۇ يۈرۈشتە ئىمىن غوجا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەرتىۋىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى گۇڭ»لۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ.

1757 - يىلى ئاپئاق غوجا نەسەبىدىن بولغان، «كىچىك غوجا» دەپ ئاتالغان غوجا جاھان چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن جازا



يۇرۇشى قىلغاندا ئىمىن غوجا مەسلىھەتچى ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، بارىكۆل، قۇمۇل، لۇكچۇنلەردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر تەشكىللەپ، جازا يۇرۇشىگە ئاتلىنىدۇ. چوڭ ـ كىچىك غوجىلار توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئىمىن غوجا ئىنانچى خانلىقا ئۆستۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋە يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، بۇ يەردە ئىش بىجىرىدۇ. 1763 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن لۇكچۇنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئىمىن غوجا ئۆمرىدە ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، پادىشاھ چيەنلۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان. يەنى 1764 ـ يىلى 1 ـ قېتىم، 1767 ـ يىلى 2 ـ قېتىم بېيجىڭغا بارغان. 2 ـ قېتىم بېيجىڭغا بارغاندا، بۇ يەردە بەش يىلغا يېقىن تۇرۇپ ئاندىن تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. 1758 ـ يىلى تۇرپان غوجىلىقى ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ۋە ۋاكىلىقتا تەۋە بولغان يەرلەرنى ئىمىن غوجىغا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. ئىمىن غوجا 1777 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇرپان ئاستانىدىكى «ئەلپەتتاھ غوجا مازىرى» غا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ئىمىن غوجىنىڭ كۆپلىگەن ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنىپ، غوجىلار قەبرىستانلىقى شەكىللىنىپ، «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغان.

ئىمىن غوجىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇ سىۋان ئارپىدان، داۋاچى، ئامورسانا، مەڭلىك، بۇرھانىدىن، غوجا جاھان قاتارلىق كۆچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرىگە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننىڭ ئەمىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ئەل ـ ئاۋامنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، تۇرپاننىڭ ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان، ئىمىن غوجا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە تۆھپىلىرى بىلەن جۇڭگو تارىخى سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.





# ئەخمەت غوجامنىياز قىسسۇرى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان،
ئۆزىنىڭ «رەۋزەتۇز زوھرا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانى بىلەن تو-
نۇلغان داڭلىق شائىر ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرى مىلادىيىنىڭ
1717 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن مەدرىسى ئالدى مەھەللىسىدە،
مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ۋە تېبىبىي ھۆكۈما غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئا-
ئىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيە-
سىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ چوڭ
بولغان. ياشلىق دەۋرىنى لۈكچۈندىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇش، ئىلىم
تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا
ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان ھەمدە ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئۇي-
غۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بوۋ-
سىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن خانلىق مەد-
رىسىدە تەسىس قىلىنغان تېبابەتچىلىك ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن
سىرت، قەشقەردىكى ئاتاقلىق تېۋىپلاردىن تەلىم ئالغان. شائىر خانلىق
مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1741 - يىلى لۈكچۈن
خانلىق مەدرىسىدە باش مۇدەررىس ۋە لۈكچۈنگە ئەلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپە-
سىگە تەيىنلەنگەن. شائىر مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريا-
نىدا، ئۆز ئالدىغا يېڭىچە يول تۇتۇپ، بۇرۇنقى مەدرىسلەردە يولغا قويۇل-
غان ئەرەب، پارس تىلىدا ئوقۇشنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا ئۆزگەرتىپ،
تالىپلار ئۈچۈن كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرغان. ئەرەب، پارس تىلىدىكى
دەرسلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى شې-
ئىرلارنى يېزىپ ئومۇملاشتۇرغان. تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە



سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سۆز ھەم شېئىر ئو-قۇش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرغاندىن باشقا، شېئىرىي تېپىشماقلارنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئويلىنىش، ئىزدىنىشىگە بەرگەن. قىسسۇرى ئىجادى-يىتى ئۇنىڭ مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن 1737 ـ يىلىدىن باشلاپلا باشلانغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردىلا كىچىك ھەجىمدىكى غەزەل، رۇبائىي، مەسنەۋىگە ئوخشاش لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيە-دىغان، تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىدا ئىلىم ـ پەننى كۆيلەپ ئادالەت، ھەققانىيەتنى ياقلىغان. قىسسۇرى تەرىپىدىن يېزىلىپ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن چوڭ تاختايغا كۆچۈرۈلۈپ، لۈكچۈن مەدرىسىنىڭ دەرسخانا ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر شېئىردا شائىر:

ئەي دىل سەركەشتە تاۋاب ئەتكىل جانابى ئىلمىنى،
ئىستەگىل غەمكىن سەن ئۆز ئىشرەت شارابى ئىلمىنى.
ساپى قىل كۆڭلۈڭ ھەۋايى، ئابى خاندىن ئورما دەم،
ئىستەسەڭ ئائىنە يەڭلىغ ئاپتابى ئىلمىنى.
يۈز ئىشكىلەر باغى جەننەتتىن يۈزۈڭگە ئاچىلۇر،
كۆلبەئىي مېھنەت ئارا ياپساڭ كىتابى ئىلمىنى.

دەپ يازىدۇ. (مەزمۇنى:ئەي دىل ئىلمىنى ئىزدەپ تاۋاب قىل، ئۇ شۇنداق نەرسىكى، ئىشرەت شارابىدىن ئارتۇق غەمكىنلىكنى كۆتۈرىدۇ. كۆڭلۈڭنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ساپ قىلىپ، ئارتۇقچە غەم قىلمىساڭ، ئىزدىسەڭ ئاپتاپقا ئوخشاش نۇرلۇق ئىلىمنى تاپالايسەن. جاپا چېكىپ، ئىلىم ئىگە-لىسەڭ، كىتابنىڭ ھەر بېتىدىن ساڭا جەننەتنىڭ يۈزلەپ ئىشىكى ئې-چىلىدۇ). ئۇ يەنە تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئادالەت ۋە خەلقچىللىقنى ياق-لاپ، تەڭسىزلىك، جاھالەت گەردىشى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ.

قازاندەك قارايسۇن پەلەكنىڭ يۈزى،
جاپا بىرلە جۇپتۇر ۋاپا بىرلە تاق.
ئەيسادەك كىشىگە بېرىپ بىر ئېشەك،
ئېشەكتىن كىشىگە بېرىپ مىڭ بوراق.

شائىر ئۆز ھاياتىدا تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئەرەب،

پارس تىللىرىدىن «ئەسھابۇلكەيف تەزكىرىسى»، «تارىخىي ئەسھابۇلكەيف» ۋە «قەسىدە بوردىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن بېيىپ مۇكەممەللىشىگە، خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ جانلىنىشىغا ھەسسە قوشقان.

شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەسىرى – «رەۋزەتۇز زوھرا»(كۆكلەم باغ)نى مىلادىيىنىڭ 1788 – يىلى يېزىپ چىققان. بۇ چوڭ ھەجىملىك داستان ئۈچ كىچىك داستاندىن جەمئىيلەنگەن، 3000 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، ئىلىم – مەرىپەت، ئەدەب – ئەخلاق ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلار بايان قىلىنغان.

شائىرنىڭ «رەۋزەتۇز زۆھرا»دىن باشقا يەنە غەزەل، مۇخەممەس، مۇئەمما، رۇبائىيلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر شېئىرىي دىۋانى بار بولۇپ، بۇ دىۋان بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەخمەت ئاخۇنلۇق شائىر بولۇپلا قالماي يەنە، داڭلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى بولۇپ، ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئاجىز، مىسكىنلەرنى ھەقسىز داۋالىغان. تېبابەتچىلىك، داۋالاش ئىشلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن مال – مۈلكىنى تالىپلارنى تەشكىللەپ تۈرلۈك ئەدەبىي، تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنى كۆچۈرۈپ، مەسچىت، مەدرىسلەرگە ۋەخپە قىلىشقا ئىشلەتكەن، غېرىپ، مىسكىنلەرگە ئىئانە قىلغان. ھاياتىدا مال – دۇنيا توپلاشقا بېرىلمەي، غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كۆچۈرگەن.

چەكلىك ھاياتىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ، تېبابەتچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن چەكسىز، مول مەزمۇنلۇق ئىجادىي بايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن تالانتلىق شائىر ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرى 110 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1827 – يىلى لۈكچۈندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى تۇيۇق ئەسھابۇلكەيف مازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغان. شائىرنىڭ قەبرىسى ھېلىھەم بىر زىيارەتگاھ سۈپىتىدە تاۋاپ قىلىنىپ كەلمەكتە.



# موللا زەيدىن



داڭلىق قىزىقچى، چاقـ
چاقچى، خەلق سەنئەتكارى
موللا زەيدىن مىلادىينىڭ
1815 ـ يىلى تۇرپان لۈكچۈن-
نىڭ باغرى يېزىسىدا، نامرات
دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. بالىلىق مەزگىلىدە
ئۆز مەھەللىسىدىكى خۇسۇ-
سىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت
ساۋاتىنى چىقارغان. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن لۈكچۈن
خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئالتە يىل تىرىشىپ ئوقۇش ئارقى-
لىق، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، بۇ خىل تىللاردا يې-
زىلغان كىتابلارنى ۋە قۇرئاننى بىمالال ئوقۇپ، شەرھىيلەپ مەنا ئېيتا-
لايدىغان موللا، ئۆلىما بولۇپ يېتىشكەن. مەدرىستە ئۇ يەنە ناۋايى، سوپى
ئاللا يار، خوجا هاپىز شىرازى، ئەخمەت يەسەۋى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ
مۇناجەت، قەسىدە ـ غەزەللىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، بۇ ساھەدە يې-
تەرلىك مەلۇمات ئىگىلەپ، «موللا زەيدىن» دەپ نام ئالغان.

موللا زەيدىن گەرچە ئۆز زامانىسىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىماسى، تالانتلىق
شائىرلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا شۆھرەت كەلتۈرگىنى موللا
ئۆلىمالىقى، شائىرلىقى ئەمەس، بەلكى سۆزمەن، هازىرجاۋاب، قىزىقچىلى-
قىدۇر. موللا زەيدىننىڭ پۈتۈن هاياتى نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە

ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ كىچىكىدىنلا ناخشا، سازغا ماھىر، خۇشچاقـ
چاق، قىزىقچى، پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ
توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلىرىنى قىزىتىش ئۈچۈن، ئۇنى يانلىرىدىن بىر
دەممۇ ئايرىماي، خەيرخاھلىق قىلغان. موللا زەيدىنمۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە
بولغان ئىشەنچ، ھۆرمىتىنى ئەلا بىلىپ، خەلقنى دوست تۇتۇپ، ھەر بىر
سورۇنلاردا ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، دەردمەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى كۆـ
تۈرگەندىن باشقا، بىر قىسىم قازى، موللا، ئىشان، بۆۋى دېگەنلەرنىڭ
ئاچكۆزلۈكى، پارىخورلۇقى، مۇتەئەسسىپلىكىنى سۆكىدىغان قىزىق ـ قىـ
زىق لەتىپە، نەزمىلىك ساتىرا، شاگىخو پاراگلارنى توقۇپ، ھېكايىلەرنى
ئېيتىپ كۈلدۈرۈپ، ئۇلارغا سىرداش بولۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ
كۆپ قېتىم مەھەللىسىدىكى مۇددەرىس، ئىمام زاھىر قارىھاجىدىن تەنبىھ
ئاڭلىغان.

موللا زەيدىن 30 ياشلارغا كىرگەندە ئۆزىنىڭ گەپدان، قىزىقچىلىقى،
لەتىپە توقۇشتىكى ماھىرلىقى، بەزمە ۋە ئولتۇرۇشتىكى ھازىرجاۋابلىقى
بىلەن داڭق چىقىرىپ، يالغۇز لۈكچۈنگىلا ئەمەس، بەلكى پىچان، تۇرپان،
قۇمۇل، توقسۇن قاتارلىق يىراق ـ يېقىنىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان. موللا
زەيدىننىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋەت ۋە شۆھرىتىدىن ۋاقىپلانغان قۇـ
مۇل، لۈكچۈن غوجىلىرىمۇ موللا زەيدىننى مەسخىرە ئوبيېكتى قىلغان
ھالدا، ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان سورۇنىنى قىزىتىش مەقسىتىدە ئۇنى پات ـ
پاتلا ئەمەلدارلار توپلاشقان سورۇنلارغا چاقىرىدىغان بولغان. بىراق موللا
زەيدىن بۇ سورۇنلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، فېئودال
ھۆكۈمرانلارنى چۇشۇرۇپ، شەرمەندە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەيدانى دەپ
قارىغانلىقتىن، ئۇ غوجا، بەگ دېگەنلەرنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتـ
قان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى، ئالدامچىلىق، مەككارلىقىنى، پارىخور،
جازانىخورلىقىنى، ئەخمەق، دۆتلۈكىنى پاش قىلىدىغان، ئاچچىق مەسـ
خىرە بىلەن تولغان كۈلكىلىك لەتىپە، ھەزىل چاقچاقلارنى توقۇپ، روھىي
جەھەتتىن قاتتىق دۇمبالىغان. موللا زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان «بىر
تاۋاق پولو»، «جاۋاب تاپالمىسىلا شەھەر بەرسىلە»، «جازا»... قاتارلىق لەـ

تېپىلەر ئاشۇ خىل سورۇنلارنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، موللا زەيدىن ئۆزىنىڭ تەدبىر، پاراسەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن قۇمۇل، لۈكچۈن غوجىلىرىغا ياراپ قالغانلىقتىن، لۈكچۈن غوجا ئوردىسىدا ئۇن نەچچە يىل خىزمەت قىلغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ ئەفرىدۇن غوجىغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا بارغان. ئەفرىدۇن قەشقەرگە ھاكىم بەگلىككە تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە كېلىپ توققۇز يىل تۇرغان. موللا زەيدىن غوجا ئوردىلىرىدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا، يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز قىزىقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، غوجا ئوردىسىدا بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكلەرنى چاقچاق، قىزىقچىلىق بىلەن قاتتىق سۆككەن. ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورققان غوجا ئۆزىنىڭ «شېرىن دۈشمىنى» موللا زەيدىننى سەككىز قېتىم ئوردىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، بىراق قىزىقچىلىق، سۆزمەنلىكتە ئۇنىڭدىمۇ ئىقتىدارلىق بىرەرسىنى تاپالمىغانلىقتىن، توققۇزىنچى قېتىم چاقىرتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.

موللا زەيدىننىڭ بىر مەزگىللىك ھاياتى ياقا ـ يۇرتلاردا يۇرت كېزىش ۋە مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن. شۇڭا ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزى ئالمىخان بىلەن قوشۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، خېلى ياشلارغا كىرگىچە ئۆيلىنەلمىگەن. خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان «ئالمىخان قوشىقى» موللا زەيدىننىڭ ياقا ـ يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆز سۆيگۈنى ئالمىخاننى ياد ئېتىپ توقىغان قوشىقى ئىكەن. ئۇنىڭ ئەفرىدۇن غوجا ۋە خانىش ئاي فۇجۇڭ بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىش يولىدا ئېيتىپ بەرگەن «ھەر ئادەمدە ئىككى نەپسى باردۇر، بىرى ئېگىز، بىرى پەس، بىرىگە نان بەرسە ئۇنايدۇ، بىرىنى ئۇناتماق تەس» دېگەن تېپىشمىقىغا قارىتا ئەفرىدۇن غوجىنىڭ «ئالمىخان بىلەن كۆرۈشكەندە قانائەت تاپقاي» دېگەن جاۋابى دەلىل ـ ئىسپات بولالايدۇ.

موللا زەيدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوردا خىزمىتىدىن ئىستېپا سوراپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاتا كەسپى قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىلادىيىنىڭ 1880 ـ يىلى 65 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ

جەسىتى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا لۈكچۈن شەھەر شەرقىي قوۋۇق دەرۋازا سىرتىدىكى ئاچا يول دوقمۇشىغا گۈمبەزلىك قىلىپ ياسىتىلغان قەبرىگە دەپنە قىلىنغان.

موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ياشىغان ئورۇن تۇرپان، لۈكچۈن، قۇمۇلنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، تىل قائىدىلىرى چوڭقۇر سىڭدۇرۇلگەندىن باشقا، يەنە شۇ ئورۇنلارنىڭ غوجىلىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۇرۇش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ بەرگەن. بۇ ھەقتە خېۋىر تۆمۈر ئاكىنىڭ « موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىدا مۇپەسسەل بايانلار بار.



شەرقىي چاغاتاي خانلىقى(1570 ـ 1398) دەۋرىدە سېلىنغان لۈكچۈن خانلىق مەدرىسى



رەسىمنى ئوسمانجان ئابلىز سىزغان

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەت قاپلىغان دەۋردە خۇددى زۇلمەت كېچىدە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش تۈن باغرىنى قىلىچتەك كېسىپ ئۆتۈپ، قىسقا ھاياتىدا چەكسىز ھارارەت ۋە يورۇقلۇق تارقاتقان پىداكار ئەزىمەتتۇر.

1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئاۋات سودا دۇكانلىرى جايلاشقان بىر كوچىدا، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ بوۋاق كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار شائىر، تىز پۈكمەس مەرىپەتچى، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پىداكارلىقى، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى شۇ يەردىكى، ئۇ تىجارەت دائىرىسى چەت ئەل- لەرگىچە كېڭەيگەن باياشاد، مەرىپەتلىك ئائىلىدە چوڭ بولغان، ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، پەزىلەت، خىسلەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتە يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن، توققۇزى تەل شارائىتتىمۇ، ئازاب چېكىۋاتقان خەلقى ئۈچۈن ھەممە نېمىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلققە بولغان مۇ- ھەببىتىنى، ئۆز ئېتىقادى يولىدىكى تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى ۋە ئەۋلادلار قەلبىدە ئۆلمەس ئابىدە تىكلىدى. ئۇ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋە- كىللىك قىلغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، خەلقنىڭ ئار- زۇسى يولىدا ھاياتىنى قۇربان قىلغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ھې- كايىلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يادلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ مارشىغا ئايلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدا ياڭراپ، ئۆزۈنىغچە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن خەلق چۆچەكلىرى، رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى بىلىدىغان، مېھرىبان چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىمنىڭ گۈزەل رىۋايەتلىرى ئىچىدە بالىلىق تۇيغۇلىرى قاناتلاندى. ئەرەبچە، پارسچە تىل ـ يېزىقتىن خەۋىرى بار، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان، كىتابخۇمار ئاتىسى، ئۇقۇمۇشلۇق زات ئابدۇ- راخمان مەخسۇمنىڭ ئوقۇپ بەرگەن كىتابلىرى، ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ قېيناتىسى، ئابدۇخالىقنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ روسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىدىن ئەكىلىپ بەرگەن يېڭىچە دەرسلىكلەر، مى- جىت ھاجى ئۆيىدە ئۇيۇشتۇرغان ئەدىبلەر سۆھبەتلىرىدە ئۆسۈپ يېتىل- دى. توققۇز ياشقا كىرگەندە يېڭىشەھەردىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسى ھەمدۇللا داموللام ئەينى چاغدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملىغان، كېيىن بۇخاراغا بېرىپ، بۇخارا مەدرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، روسىيىنىڭ ئوفا، قازان شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان داڭلىق تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. ھەمدۇللا داموللام ئابدۇخالىقنى



تۇرپان يېڭىشەھەر بازىرىدىكى ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر تۇغۇلغان قورو

قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە، زېھنى ئوچۇقلۇقىغا، ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە تىل، ئەدەبىيات، ئىلامىي تەجۋىد (قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ ئوقۇش)، ئەبجەد ھېسابى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈشتىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىدىنمۇ مەخسۇس دەرس ئۆتتى. 1914 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 13 ياشقا كىرگەندە چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتىكى ئوتتەك قىزغىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، موسكۋۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاتار زىيالىي ئەلى ئىبراھىموپنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەلى ئىبراھىموپتىن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە تاتار تىلىنىمۇ ئۆگەندى. 1915 ـ يىلى مىجىت ھاجى ئەلى ئىبراھىموپنىڭ تەكلىپى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى روسىيىدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سودا كارۋانلىرى ۋە تۇرپان ئاستانىلىق مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە شەمەيگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى بىلەن شەمەيگە كەلگەندىن كېيىن روسچە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى ۋە 1917 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىنى تاڭ قالدۇرۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن 3 ـ يىللىققا كۆچتى. روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇشقا ئامالسىز قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1918 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى ۋە 9 ـ ئايدا يېڭىشەھەردىكى خەنزۇچە مەكتەپ ـ شۆتاڭغا ئوقۇشقا كىردى. شۇ يىللاردا شۆتاڭدا ئوقۇيدىغانلار-

نىڭ كۆپىنچىسى توڭچى (تەرجىمان) بولۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كىرىش، ئەمەلدار بولۇش ئويىدا يۈرگەنلەر بولغاچقا كىشىلەر بالىلىرىنى شۆتاڭغا ئوقۇشقا بېرىشنى خالىمايتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا پەقەت بىلىم ئىگىلەش، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، بىلىمنىڭ يېڭى مۇندەرىجى-سىنى ئېچىش ئۈچۈن شۆتاڭغا كىرگەن بولۇپ، بۇ مەقسىتىنى كېيىنكى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ بەردى. يەنى ئۇ شۆتاڭنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيە ئامبىلى ئالايىتەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، يامۇلدا ئىشلەپ قېلىشنى ئېيتقاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى نادان-لىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەت ئىكەن-لىكىنى ئېيتىپ، ئامبالنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەرەب، پارس، تاتار، رۇس، خەنزۇ تىللىرىنى ئىگىلىگەن، موڭغۇل تىلىنى بىر موڭغۇل تونۇشى ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى دەۋرنىڭ يېتۈك زىيالىيسىغا ئايلانغان بولسىمۇ يەنە ئۆگىنىشتىن توختاپ قالمىدى. 1923 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 2 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابلەت-خاننى، ئېغىر ئاياغ ئايالى ئايىمخاننى ئۆيىدە قالدۇرۇپ، روسىيىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇت مۇھىتى، جامال مۇتئىيلار بىلەن بىرگە يولغا چىقتى ۋە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدى-غان بىر تونۇشى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ مېدال بىلەن مۇكاپاتلان-دى. ئوقۇتقۇچىسى بۇ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسىنى موسكۋادا قېلىشقا دەۋەت قىلغاندا ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلىپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىنچى قېتىم چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىق، زالالەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن-بىر يولى مەكتەپ ئېچىش ئىكەنلىكىنى، قاراڭغۇ دىللارنى پەقەت مەرىپەت نۇرى بىلەنلا يورۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، مەسلەكداشلىرى بىلەن مەكتەپ ئېچىش قارارىغا كەلدى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى خەۋپلىك ۋەزىيەتتە قىلچە ئىككىلەنمەي، ئۆز ھويلىسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى. كېيىن يەنە ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىد-

دىن زۇپەر قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن يېڭىشەھەر ئويماندەڭدە يەنە بىر قېتىم مەكتەپ ئاچتى. مەكتەپ دەرسلىكىگە ھېساب، جۇغراپىيە، ھۆسنخەت، ئەخلاق، دىن دەرسى، ئەسرى سائادەت ۋە باشقىلار كىرگۈزۈلدى. شېئىر ئورنىغا مەۋلۇتتا ئوقۇلىدىغان مۇناجات ئوقۇلدى. ياش بالىلارنىڭ يۇمران ۋە چۈچۈك ئاۋازلىرى چاڭىلداپ تۇرپان ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مەكتەپنىڭ شۆھرىتى چەت ناھىيىلەرگىمۇ تارقىلىپ، گۇچۇڭ، پىچان، ئاستانە، توقسۇنلاردىن ئوقۇشقا تەشنا بولغان بالىلار كېلىشكە باشلىدى.

روسىيىدىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات بىلەن شىنجاڭدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقنى كۆرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتتىق ئېچىنىپ، قەلبى ئۆرتىنىپ، خەلقنى تەرەققىياتقا، ئىلغارلىققا باشلاشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا خەلقنى ئىلىم، مەرىپەتكە، يېڭىلىققا، ئۇيۇشۇشقا، ئىتتىپاقلىققا، پاك ياشاشقا، نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەيدىغان كۆپلىگەن جەڭگىۋار، يارقىن شېئىرلارنى يازدى، مۇشۇ مەزمۇندىكى كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدى، ئۆزى باشلامچى بولۇپ خەلقنى يېتەكلىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۇقىرىقى شېئىرلىرى بىلەن خەلقنى ئىلغارلىققا چاقىرىپلا قالماي بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنىمۇ ئىشلىدى. ئۇ روسىيىدىن ئالغان تەسىراتىغا ئاساسەن مەتبەچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش، ئويغىتىشتىكى رولىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرپاندا بىر باسما زاۋۇتى قۇرۇش قارارىغا كەلدى، لېكىن بۇ ئارزۇسى ياڭ زېڭشىنىنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەر خىل سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەش، ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق خەلقنى يېتەكلەش يولىنى تۇتتى. ئۇ ھەر خىل يىغىلىشلاردا، بازاردا، كوچىلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، چەت ئەللەردىكى يېڭىلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، يۇرتىمىزدىكى قالاقلىقلارنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا، نادانلىق، خۇراپات-

لىقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىردى. ئۆزىنىڭ ھۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنى كەڭ ئاۋامغا ئوقۇپ بېرىپ، خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كوچىلارغا چاپلاپ، قولدىن قولغا كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ئىلغارلىقنى، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلدى.

1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ئاستانىدا مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەر بازىرىدىكى ھەمدۇللا داموللام، ھېسامىدىن زۇپەرى، تۆمۈر جىساھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قوزغىلاڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى ۋە قوزغىلاڭ باش شتابىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى، كاتىبات ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. قوزغىلاڭچىلار بىر قانچە قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلغاندىن كېيىن جاللات شىڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى ئۈستۈن ھەربىي كۈچكە ئىگە دۈشمەنلەرگە دۇچ كەلدى. قوزغىلاڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈندىن چېكىنىش جېڭىدە ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. باشقا پىدائىيلار جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ چېكىندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىمۇ، دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، بىر مەزگىل پاناھلىنىشنى ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:«مەن خەلقىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، قېرىنداشلىرىمنىڭ بېشىغا قانداق قىسمەت كەلسە، مەنمۇ تەڭ كۆرىمەن»دەپ زادى ئۇنىمىدى ۋە ساتقىنىنىڭ چېقىمى بىلەن تۇرمىگە تاشلاندى. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جاللات شىڭ شىسەي ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىساھاجى قاتارلىق قەھرىمانلارنى قاچاق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قولى بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەر بازىرىدا قەتلى قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1930 ـ يىللارنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدا ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنى تىل، ئۇسلۇب، مەزمۇن ۋە ژانىر جەھەتتىن يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە قىلىدىغان ئاجايىپ نادىر شېئىرلىرى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە تونۇلغان نامايەندە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى

ئەۋج ئالدۇرغان خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر. شۇنداقلا ئەينى يىللاردىكى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلقنى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، مەرىپەت ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپ، ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكىلىرى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتقان يارقىن سىيما. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتى خەلق قوشاقلىرىدىن ئىلھاملىنىش بىلەن ئۇن نەچچە ياش ۋاقتىدىلا باشلانغان بولۇپ، بارا ـ بارا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز ۋەزنىگە كۆچتى. «ئاچىل»، «ئويغان» ناملىق شېئىرلىرى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەڭ مارشىغا ئايلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭلارغىچە تارالدى. چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە، ئىلمىي ھەقىقەتكە تويۇنغان «باردۇر»، «غەزەپ ۋە زار»، «چىراغ» ناملىق شېئىرلىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلدى ۋە ھازىرمۇ يادلىنىپ كەلمەكتە.



تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزا باغىر زاراتگاھلىقىدىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەبرىسى، قەبرە ئالدىدا خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغۇللىرىدىن: (ئارقا رەت ئوڭدىن) ئەزىزى، يالقۇن روزى، ئىمىنجان، ئەختەم ئۆمەر، ھېمىت نىياز، ئابلىز نىياز، مۇھەممەد باغراش، قاسىم سىدىق، ئۆمەرجان سىدىق، ئىبراھىجان ئابلەت؛ (ئالدى رەت ئوڭدىن) قۇربانجان، ئەكبەر داۋۇت، پولات ھېۋزۇللا، ئابلەت ئابدۇرېھىم، ياسىن نىياز، راخمانجان ئاۋۇت، ئۇمىد غەنى، ئەنۋەر ئابدۇگۇل، ھەبىبۇللا رەجەپ



# مەخسۇت مۇھىتى

مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان دىيارىدا ياشاپ ئۆتكەن، ئىدىقۇت ۋادىسىدا تۇنجى مەرىپەت مەشئىلىنى ياققان، زامانىۋى سودا گۈدۈكىنى ياڭراتقان، دېھقانلار ئىنقىلابىغا باشچىلىق قىلغان، ئەينى دەۋر تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيدۇر.

مەخسۇت مۇھىتى مۇھىت ھاجىنىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، 1885 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق مەزگىللىرىدە ئاستانىدىكى دىنىي مەكتەپ، مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاكىسى موسۇل مۇھىتى بىلەن بىرگە سودىگەرچىلىك ئىشى بىلەن ئۈرۈمچى، چۆچەكلەرگە ۋە روسىيىنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگىچە بېرىپ، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن سەيلە ـ ساياھەت، تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان. رۇسىيىدىن تۆگە ئات كارۋانلىرى بىلەن تاغ داۋانلارنى ئېشىپ، پاختا زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كىرىپ، شەرقىي شىنجاڭ تارىخىدا

تۇنجى بولۇپ زامانىۋى سودا گۇدۇكىنى ياڭراتقان. ئاستانىدا پاختا پىشە-شىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ سودا تاجا-ۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇپ، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. مۇشۇ جەرياندا ئۇ رۇسىيىدىكى بىر قىسىم ئا-لىملار، يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئې-رىشىپ، ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ياسىغان. ئۇ بۇ يەردىكى يېڭىلىقلار بىلەن يۇرتىدىكى قالاقلىقنى، جاھالەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشكەن ۋە خەلقنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغان.

مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىللىرى بىرىنچى قېتىم روسىيىگە چىققاندا قازان تاتارلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى-يىتىدىن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاتار زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان. تاتار زىيالىيلىرى مەخسۇت مۇھىتىغا مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى ئاقارتىش تەكلىپىنى بەرگەن.

مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىسىدىكى ۋەتەن، مىللەتنى قىزغىن سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، خۇراپاتلىققا، نادانلىققا قارشى تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىلىق، ئىلىم ـ ئېرپانغا يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلىغان. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ ئېچىش ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغۇدەك بىرەر كىشىنى تاپماق تەس ئىدى. شۇڭا، چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەك-لىپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەخسۇت مۇھىتى رو-سىيىگە بېرىپ قازانلىق ئىلغار تاتار زىيالىي ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى تۇرپانغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۇلۇغۋار شىجائىتىدىن تەسىرلەنگەن ھەيدەر ئەپەندى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تۇرپانغا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ مەخسۇت مۇھىتى 1913 ـ يىلى ئۆز قو-رۇسىنىڭ سەل يۇقىرىسىدىكى ئاكىسى موسۇل باينىڭ ھويلىسىدا تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى ئاچقان. كېيىنچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دەپ ئاتالغان بۇ مەكتەپ شەرقىي شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولۇپ قالغان. بۇ دەل ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققىنىغا بىر







مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئەينى يىللاردىكى قورۇسى (ھازىرقى تۇرپان شە-ھىرى ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىدە)

يىل بولغان، مۇدھىش، ئىستىبدات، قاراڭغۇ دەۋر ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئۆتكۈلگەن دەرسلەر بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردىن روشەن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ مەكتەپتە ئاستانە، قاراغوجىلىق باللاردىن باشقا تۇرپان بازىرى، ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، پىچان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەلىم ئالغان. بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ يىل ئوقۇتۇش جەريانىدا مەخسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر ئەپەندىلەر يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا توسالغۇلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەر «پەن دىنغا قارشى، پەن ئوقۇتۇلسا دىن يوقىلىدۇ، يېڭى بىلىمنى ئوقۇماسلىق كېرەك، خەلق ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنىلا ئوقۇسا بولدى» دېگەن سەپسەتىنى تەرغىپ قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان. 1917 ـ يىلى تۇنجى تۈركۈمدىكى 40 ئوقۇغۇچى غەلىبىلىك مەكتەپ پۈتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە ساۋاتسىز، نادان، خەت تونۇمايدىغان ھالەت پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، يېڭىچە

ياشلار مەيدانىغا كىلىشكە باشلىغان.

1917 ـ يىلى روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىن-لىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يەنە بىر قېتىم موسكۋاغا سەپەر قىلغان. بۇ قېتىم مېڭىشىدا ئۇ تۇرپاندىكى تەسىرى بار يەنە بىر سودىگەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ۋە ئەھ-دىلا 15 ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىقلار بىلەن بىرگە بارغان. بۇ قېتىم ئۇ مۇھىببۇللا ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىم، ھېسامىدىن ئەپەندى، شاھى شەرەپ، يەھىيى ۋە گۈلەندەم خانىمدىن ئىبارەت ئالتە زىيالىينى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. مەخسۇت مۇھىتى ئۇلاردىن مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەيىنى ئاستانىگە، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، ھېسامىدىن ئە-پەندىنى گۇچۇڭغا، قالغان ئىككى ئوقۇتقۇچىدىن بىرىنى ئۇرۇمچى، يەنە بىرىنى چۆچەككە ئەۋەتىپ ئىككىنچى قېتىملىق «مەخسۇدىيە مەكتە-پى»نى تەشكىل قىلغان. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئالتە ئوقۇتقۇچىنىڭ بار-لىق چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن باشقا، شىنجاڭغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ مۇقىم مائاش بەلگىلەپ ئايمۇ ئاي تولۇق تەمىنلەپ تۇر-غان. مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەي ئەر ـ ئاياللىك تۇر-مۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ئۆز ھويلىسىدىن مەخسۇس ھۇجرا ئۆي جابدۇپ بەرگەن. مۇھىببۇللا ئەپەندى بۇرۇنقى ھەيدەر ئەپەندى ساي-رانى ئوقۇتقان مەكتەپنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. مەخسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم يەنە ئاستانىدە گۈلەندەم ئاۋىستەيىنىڭ باش-چىلىقىدا بىر قىزلار سىنىپى تەشكىل قىلغان. گەرچە يەرلىك خەلق قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشتە پاسسىپلىق قىلغان بولسىمۇ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە مۇھىتلار جەمەتى-نىڭ قىز ـ كېلىنلىرىنى ئاساس قىلغان بىر تۈركۈم قىزلار ئوقۇش ئۈ-چۈن يىغىلغان.

1927 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان يېڭىشەھەردە پىچانلىق ئىس-كەندەر غوجا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا بىر



مەرىپەت جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 3000 سەر كۈمۈش ئىئانە توپلىغان. بۇ پۇل بىلەن يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ قوروسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يەنە يېڭىشەھەر ئاق سارايدا «ھۆرىيەت مەكتىپى»، كونا شەھەر غەربىي قوۋۇقتا بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ-لەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى-نىڭ سەركەردىلىرىگە ئايلانغان. مەخسۇت مۇھىتى يەنە روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىن دىنىي ۋە پەننىي بىلىمدە توشقان زىيالىي مۇرات ئەپەندىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان. مۇرات ئەپەندى 1930 ـ يىللارغىچە مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانە ۋە چۆچەكلەردە ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1931 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇنجى قارار «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان يەرلىك كىشىلەر-دىن ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، دوگامەت خۇدىيارىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلغان، بۇ مەكتەپنىڭ تەمىناتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلەم، دەپتەرلىرى قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسىنى مەخسۇت مۇھىتى تەمىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستا-نىدە سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەن.

1931 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى ئوغۇللىرى ئەنۋەر، ئابدۇرىشىت ۋە قېيى-نىنىسى قاسىم پەرسانى تۆگە كارۋىنىغا قوشۇپ، نۇرغۇن چوكا ئالتۇنلار بىلەن تيەنجىنگە ئوقۇشقا ماڭغۇزغان. بۇ ئىككەيلەننى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئاستانە يېزىسىدىن تۇنجى بولۇپ چوڭ شەھەرلەرگە ماڭغان كى-شىلەر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بەختكە قارشى ئۇلار لەنجۇغا يېتىپ كەل-گەندە ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىللە قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىپ، غوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەسىرى، «مەخسۇدىيە مەك-تىپى»ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىدىقۇت زېمىنىنىڭ

ھەممىلا جايىدا يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلىشقا باشـ
لىغان.

مەخسۇت مۇھىتى ئەينى يىللاردىكى ئۇلۇغ دېموكراتىك شائىر، يارقىن مەرىپەتچى، تىز پۇكمەس ئىنقىلابچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى، يېقىن سىردىشى ۋە بۇرادىرى، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولغان مەسلەكدىشى ئىدى. چۈنكى، مەخسۇت مۇھىتى كۆپ قېتىم روسىيىگە، كېيىنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققىش جەريانىدا روس تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە روس تىلىدىكى، سىلاۋىيان تىلىدىكى نۇرغۇن ئەدەبىي، تارىخىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىدىيە جەھەتتىن زور ئالغا بېسىپ، بىلىمى چوڭقۇرلىشىپ، زامانىسىنىڭ يېتۈك زىيالىيسىغا ئايلانغان. تىجارەت جەريانىدا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن تاتارلار، ئۆزبېكلەر بىلەن ۋە قازاق، قىرغىزلار بىلەن كۆپ ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۆزىنىڭ مۇئامىلىدىكى خۇشپېئىللىقى، تىرەن بىلىمى، مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئالاھىدە تالانتى، سودا، تىجارەتتىكى قابىللىقى، راستگوي، غورۇرلۇقلىقى بىلەن روس، تاتار، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ تەسىرى بار شەخسكە ئايلانغان. شۇڭا ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرا تېخى ئېچىلمىغان، دۆلەتلەر ئارا سودا، ئالاقە پۈتۈنلەي ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرغان شارائىتتىمۇ روسىيەدىكى شەھەرلەرگە بېرىپ بىمالال سودا قىـ
لىش، بۇ يەردىكى دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كېلىپ مەكتەپ ئېچىشتىن ئىبارەت مۆجىزىلەرنى يارىتالىغان.



مەخسۇت مۇھىتى يەنە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە، شىنجاڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن جاھائەت ئەربابى، ئاكتىپ تەشكىـ
لاتچى، تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر زات ئىدى.

1931 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇمۇل تاغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭ قوزغىلاڭ يالقۇنى ئىچىدە قالدى. مەخسۇت مۇھىتىمۇ تۇرپاندا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىسى

غوجىنىياز ھاجىنى قوللاش بىلەن بىرگە تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە
جىددىي تەييارلىق قىلدى. 12 ـ ئايدا مەخسۇت مۇھىتى قېرىنداشلىرىدىن
موسۇل مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن بىرگە ئاستانىدا قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، بىر نەچچىلىگەن غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلدى.

مىلادى 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك
ئوغلى، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ پېشىۋاسى، مول بىلىملىك، يېڭى-
لىقپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي، ياڭ زېڭشىن، شىڭ شىسەي قاتارلىق-
لارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلى-
ڭىنىڭ سەركەردىسى مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈن مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ
چىقىش جېڭىدە، ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇش، ئىنقىلابنىڭ داھىيسى غو-
جىنىياز ھاجىنى قوغداش يولىدا 47 يېشىدا مەرتلەرچە قۇربان بولدى.
قىممەتلىك ھاياتىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تەقدىم
قىلدى.



مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قەبرىسى(ئاستانە يېزا ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجا
مازىرى مۇھىتىلار جەمەتى قەبرىستانلىقىدا)



# تاھىربەگ ئەپەندى

مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى، جامائەت ئەربابى تاھىربەگ ئەپەندى 1878 ــ يىلى تۇرپان ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت، مەرىپەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ھېيتبەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاھىربەگ كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغىلىرىدىن لۈكچۈن غوجىلىقى ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى ھېزبۇللا بەگ شۇنداقلا ئاپىسى سارە خېنىملارنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان ۋە لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. كېيىن شۆتاڭغا كىرىپ، خەنزۇ تىلىنىمۇ قوشۇمچە ئۆگەنگەن. تاھىربەگ ئەپەندى ياشلىق چاغلىرىنى لۈكچۈندە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە ۋە ئائىلىسىنىڭ دالالىتى بىلەن سودا بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ 60 ــ 50 تۆگىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ، ئۈرۈمچى، چۆچەك، روسىيىنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ بىر تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلسا، بىر تەرەپتىن سودا، تىجارەت

بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ جايلاردىن ئۇششاق سانائەت بۇيۇملىرى، ئىلمىي توقۇلما مەھسۇلاتلىرى ۋە ياۋروپانىڭ ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تۇرپان، لۇكچۇنلەرگە يۆتكەپ كېلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. شۇ ۋاقىتلاردا تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ سودا، تىجارىتى خېلى روناق تېپىپلا قالماي، سانائەتلىشىش ئىدىيىسىمۇ تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ روسىيىدىن ئۇسكۇنىلىرى خېلى ئىلغار بولغان پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى كىرگۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرگەن. تاھىربەگ ئەپەندى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش جەريانىدا نۇرغۇن زىيالىيلار بىلەن دوستلاشقان، ئىدىيە ئالماشتۇرغان. شۇلارنىڭ بىرى دەل مەخسۇت مۇھىتى ئىدى. تاھىربەگ ئەپەندى شۇ چاغلاردا ئەرەب، پارس، رۇس، خەنزۇ تىللىرى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە توشقان يىلىمى، تالانتى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابىغا ئايلانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ بۇ چاغلىرى جۇڭگونىڭ پەۋقۇلئاددە بىر مەزگىلىگە توغرا كەلگەن، يەنى ئىلگىرى مىڭ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چىرىك فېئوداللىق ھاكىمىيەت چىڭ سۇلالىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تەسىرىدە ئاغدۇرۇلغان. جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇش، پىرىزدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈش باشلانغان. بۇنىڭ بىلەن تاھىربەگ ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، پىرىزدېنت سايلىمىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق مەسلەكداشلىرىنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئېلىپ، نەنجىڭگە بارغان. پىرىزدېنت سايلىمى جەريانىدا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ پېشىۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. لېكىن يېڭى قۇرۇلغان بۇ جۇمھۇرىيەت بەكمۇ ئاجىز بولغاچقا، تاھىربەگ ئەپەندىلەرنىڭ شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەر-

دىكى كۆتكەن ئۈمىدلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان.

شۇنىڭ بىلەن تاھىربەگ ئەپەندى سەپدىشى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇ روسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ھەسەن فەھمى، مۇھىدىن ئەپەندى، مۇرات ئەپەندىلەرنى 1915 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن لۈكچۈنگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان ۋە يېقىن سەپ-دىشى، ئىشەنچلىك ئاغىنىسى ھامۇت رېقىپ مەخسۇمنى ئىشقا سېلىپ، ھامۇت مەخسۇمنىڭ ئاتىسى، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىنىڭ شۇ دەۋردىكى مۇدەررىسى رېقىپ قازى ئاخۇنۇمنى قايىل قىلىپ، مەدرىس تالىپلىرىدىن 100 بالىنى يېڭىچە ئوقۇتۇشقا ئاجرىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. تاھىربەگ ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ سىنىپ قىلىپ تەشكىللەپ، بۇ ئوقۇغۇ-چىلار بىلەن لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدە رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. تا-ھىربەگ ئەپەندى ئىرادىلىك، قىلغان ئىشىدىن يانمايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇ يېڭى مەكتەپنى دەسلەپكى مەدرىستىن ھازىم ھاجى دېگەن تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر زاتنىڭ قورۇسىغا يۆتكىگەن، ئاندىن ئۆز يېنىدىن ئىقتىساد چىقىرىپ، قورۇسىغا مەكتەپ سالغان، مەكتەپكە «تاھىرىيە مەكتىپى» دەپ نام قويغان. تاھىربەگ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخ-شى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك غەم ـ ئەندىشىلىرىنى تۈگەتكەن، ئايلىق مائاشىنى ۋاقتىدا بەرگەن، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ياش، يەنە كېلىپ ئەل غېمىنى چۈشىنىدىغان خەلقپەرۋەرلەردىن بولغاچقا، ئۆز خىزمەت مەسئۇ-لىيىتىنى تولۇق ئورۇندىغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئانا تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي تەجۋىد، شېئىر، تەنتەربىيە، خۇشخەت دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. «تاھىرىيە مەكتىپى»نىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنىڭ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەق مەيداندا بالىلارغا خەت يازدۇرۇپ، كىتاب ئوقۇتۇپ كۆرۈشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق سۆز-لەپ، شېئىر ئېيتىپ قەلبىنى ئىزھار قىلىشى يىغىن قاتناشچىلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن «تاھىرىيە مەكتىپى»نىڭ داڭقى يىراق ـ يېقىنغا تارىلىپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارمۇ

كۆپەيگەن. تاھىربەگ ئەپەندى يەنە تۇرپان ئاستانىدىن ھەيدەر سايرانى، شاھى شەرەپ دېگەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلغان. 15 يىلدا «تاھىرىيە مەكتىپى» خەلقىمىز ئۈچۈن 400 گە يېقىن ئىدىيىسى يېڭى مائارىپ بىلەن قوراللانغان ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن.

تاھىربەگ 1932 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، چىرىك جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان قارشىلىقنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. كېيىن غوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان. غوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا تاھىربەگ ئەپەندى غوجىنىياز ھاجىنىڭ كاتىباتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن ھەم ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان.

1934 ـ يىلى يازدا، غوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. شۇ يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرغان. ئىككىنچى يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقان. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر قاتار سىياسىي پروگراممىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شىنجاڭ تارىخىدىكى مانا مۇشۇنداق زور سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە تاھىربەگ ئەپەندى باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىپ قالماي، غوجىنىياز ھاجى قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ۋە ئاساسلىق قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇپ قالغان. بۇ قۇرۇلتايدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان «شىنجاڭ ئاۋام خەلق بىرلەشمىسى» قۇرۇلۇپ، تاھىربەگ ئەپەندى بىرلەشمىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. بۇرھان شەھىدى بىرلەش-

مىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلانغان.

غوجىنىياز ھاجى 1934 ـ يىلى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، پىچان ناھىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىن سەبدىشى ۋە قابىل يېتەكچى بولغان تاھىربەگ ئەپەندىنى 1935 ـ يىلى پىچان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ پىچانغا ھاكىم بولغان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە، پىچاننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە پىچاندا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، لۈكچۈندە بىۋاستە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە بەشتىن يەتتىگىچە دائىمىي ھەيئەتلەردىن تەشكىللەنگەن، كاتىبات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە، لاۋازىمەت قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان، ھەر بىر بۆلۈمگە بۆلۈم باشلىقلىرى، بۆلۈم ئەزالىرى، تەكشۈرگۈچى مۇپەتتىشلەر قويۇلغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كىرىمى يۇرتتىن توپلانغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى جانلاندۇرۇش، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش ۋە باشقۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭ بىلەن پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدە يېڭىي مەكتەپلەر تېزلىك بىلەن كۆپەيگەن.

1936 ـ يىلى تاھىربەگ ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى بولغان. 1937 ـ يىلى كۈزدە ئىنقىلاب پېشۋاسى غوجىنىياز قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تاھىربەگ ئەپەندى خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن.





# تۇرپانشۇناسلىق ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى»

تۇرپانشۇناسلىق — تۇرپاننى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلغان ئىلىمدۇر.

18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل نام - ئاتاقلاردىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆپ قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدىكى نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئېلىپ كېتىلگەن بۇيۇملار ناھايىتى نەپىس سىزىلغان تام رەسىملىرى، نەپىس ئىشلەنگەن ھەيكەللەر، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ھۆججەت - خەت ئالاقىلىرى، تارىشا پۈتۈكلەر، مەڭگۈ تاشلاردىكى خەت ۋە سۈرەتلەر، قەبرە تەزكىرىلىرى، يۇقىرى ماھارەتتە توقۇلغان يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، سەنئەت بۇيۇملىرى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەمدە بۇ ساھەدە تەتقىقات ئىشلىرى باشلاندى. بۇ تەتقىقاتقا قىزىققۇچىلار بۇ خىل تەتقىقاتنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، «تۇرپانشۇناسلىق»دەپ ئاتاشتى. «تۇرپانشۇناسلىق»مەخسۇس بىر پەن بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىگە 200 يىل بولدى.



«تۇرپانشۇناسلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سانسكرىت يېزىقى ۋە يىپەك يولى مۇتەخەسسىسى جى شەنلىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىقنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، «تۇرپانشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ يېڭى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن زور مىقداردىكى يازما ماتېرىياللار، ھۆججەتلەرنى ۋە

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئەللەردىكى ئالىملار مۇشۇ ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ساھە بىردەك «تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىۋېرسال ئىلمىدىن ئىبارەت»دەپ كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە، بۇ ساھەدىكىلەر تۇرپانشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىنى بىردەك ھالدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تۇرپان دىيارىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى «تەكشۈرۈشى»دىن باشلانغان، دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ ساھەدە تۇنجى بولۇپ قەدەم باسقان دۆلەت روسىيە ئىدى. 1811 ـ يىلى فۇدېكشىيېف چارروسىيە ھەربىي ئورگىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلار ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى ۋە ھەربىي ئاخباراتلىرىمىزنى توپلىغان. 1879 ـ يىلى سانكىت پېتربۇرگتىكى خان جەمەتى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنىڭ مۇدىرى رېگىل تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ ھەمدە قەدىمكى خارابىلىقلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى شەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ «ئۇ يەردە خۇددى رىم شەھىرىگە ئوخشايدىغان خارابە ـ ئىزلار بار» دەپ يازغان.

1893 ـ يىلى، چارروسىيە يەنە ماپورووېسكىي، كوزلوۋ باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى، 1897 ـ يىلى سانكىت پېتربۇرگ پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى كېلىمېنز باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تۇرپانغا ئەۋەتىدۇ.

1902 ـ يىلى، بېرلىن ئانتروپولوگىيە مۇزېيىنىڭ خادىمى گرۇنۋېدېل گېرمانىيىدىكى بىر قانچە چوڭ مالىيە گورۇھلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، روسىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىدۇ. ئۇ تۇرپاندا بىر تەرەپتىن مىڭ ئۆي غارلىرىنى تەپسىلىي خەرىتىگە چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ئورۇنلاردا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلىرىدىكى قوليازمىلار،

مانى دىنى نومىلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئويما مەتبەئە پارچە-
لىرى قاتارلىق زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلايدۇ
ۋە ئۇلارنى 46 ساندۇققا قاچىلاپ، 1903 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتىدۇ ھەمدە
بېرلىندا «1902 1903 ـ يىلىغىچە قوچو قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەترا-
پىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالىدىن دوكلات»
دېگەن كىتابچىنى نەشر قىلىدۇ.

1904 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتى تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇ قېتىم لېكوك ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يا-
دىكارلىق بۇيۇملىرى 200 ساندۇقتىن ئاشىدۇ.

1905 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گرۈنۋېدېل، لېكوك تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم كې-
لىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 1906 ـ يىلى
لېكوك 30 ساندۇقنى، 1907 ـ يىلى گرۈنۋېدېل 174 ساندۇقنى گېرمانىيىگە
ئېلىپ كېتىدۇ.

ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنيوەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھى-
بى ئوتانى باشچىلىقىدا بۇددا دىنى ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلىش دېگەن
نام بىلەن تۇرپان رايونىغا كېلىپ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ
بېرىپ، نۇرغۇن ھۆججەت، خەت ـ چەك، جەسەتلەر بىلەن بىرگە كۆمۈل-
گەن بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل
ستەيىن تۇرپانغا كېلىپ قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 182 ساندۇق مەدەنىيەت
يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى دۆلەتلەر تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك ما-
تېرىياللارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا «تۇرپانشۇناسلىق»جەمئىيەتلىرىنى
قۇرۇپ، كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. چەت ئەللىكلەرنىڭ يۇرتى-
مىز تۇرپان ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىز ئۆزىمىزنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ
ئىلگىرى، چوڭقۇر، سىستېمىلىق ھەم كەڭ بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەت-
قىقاتتا چەت ئەل ئالىملىرى دۇنيادا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان ۋە كۆلەم
شەكىللەندۇرگەن. بولۇپمۇ گېرمانىيە، تۈركىيە، ۋېنگرىيە، روسىيە، ياپو-
نىيىلىك ئالىملار «تۇرپانشۇناسلىق»ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتى-
جىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى

يېرىمىدا گېرمان ئالىمى ج. كلاپورت «قوچو تىلى» ناملىق كىتابىنى،
1820 ـ يىلى يەنە «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى ھەققىدە تەتقىقات»ناملىق ئە-
سىرىنى ئېلان قىلغان. 1902 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبورگ شەھىرىدە
«تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى»رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن 1908 ـ يىلى
گېرمانىيە ئالىمى ف. موللېر «ئۇيغۇر يادىكارلىقى تەتقىقاتى»ناملىق ئە-
سىرىنى ئېلان قىلغان(بۇ 4 توملۇق يىرىك ئەسەر). گېرمانىيىلىك ئا.لە-
كوك 3 توملۇق «قوچو مانى يادىكارلىقى»ناملىق ئەسىرىنى، ۋ.بانگ بىلەن
فون.گابائىن بىرلىكتە يېزىپ چىققان 6 توملۇق «تۇرپاندىن تېپىلغان
تۈركچە تېكىستلەر»ناملىق ئەسىرىنى، تۈركىيىلىك ئالىم رېشىت رەخ-
مەت ئارات ئىككى توملۇق «ئۇيغۇر مېدىتسىنا يادىكارلىقى»ناملىق ئە-
سىرىنى، 1921 ـ يىلى مەشھۇر تۇرپانشۇناس ئالىم گابائىن خانىم بىرلىندا
«قوچو تۈرك تىلى گراممانىكىسى» ناملىق ئەسىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن
ئېلان قىلغان. شەرقىي گېرمانىيىدە 1960 ـ يىلىدىن كېيىن «تۇرپان يا-
دىكارلىقلىرى»ناملىق 8 توملۇق يىرىك ئەسەر نەشر قىلىنغان. ياپونىيە-
لىك ئالىم داكو 4 توملۇق «قوچو مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»ناملىق ئەسىرد-
نى، يۈي تيەنخېڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»ناملىق ئەسىرىنى
ئېلان قىلغان. گېرمانىيىلىك مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گابائىن خا-
نىم(1901 ـ 1993) پۈتكۈل ھاياتىنى تۈركشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىققا بې-
غىشلىغان بولۇپ، ئۇ:«مەن تۇرپاننى 50 يىل تەتقىق قىلدىم، ئۆمرۈمدىكى
بارلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىمنى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بېغىشلى-
دىم»دېگەن.

نۆۋەتتە ياپونىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قىزغىنلىقى ۋە ئەمەلىي
كۈچى ئەڭ زور بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇل-
غاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ
ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى قوچو، يارغول
قەدىمكى شەھەرلىرىگە، بېزەكلىك، مۇرتۇق مىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئو-
مۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايون مەدەنى-
يىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەشھۇر ئالىملاردىن شياگدا،



خۇاڭ ۋېنبى، سۇبەي قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن تۇرپانغا كېلىپ تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ئەسەرلەرنى
ئېلان قىلدى.

1983 ـ يىلى جۇڭگو دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى
ھەمدە مەملىكەت ئىچىدە بىر قانچە قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلىتىمىزدىكى داڭلىق ئالىي تەتقىقات ئورۇن-
لىرىدىن بىرى بولغان مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى
قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى مەخسۇس ئادەم تەش-
كىللەپ، كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى»نىڭ جەۋ-
ھىرى بولغان «تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن كىتابنى كەينى ـ كەينىدىن
10 توم نەشر قىلغۇزدى. ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ مەخسۇس ئادەم ۋە مەب-
لەغ ئاجرىتىپ، «تۇرپان تېكىستلىرى» تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇ-
غۇللانماقتا. دۆلىتىمىزدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتىدا تۇرپان تېكىستلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە مەخسۇس
«تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن تېمىدا دەرس تەسىس قىلغان. «تۇرپان
تېكىستلىرى» دېگەن بۇ نام ئەينى دەۋرلەردە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يازما
تېكىستلەرگە ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، بۇ تېكىستلەر «تۇرپانشۇناسلىق
ئىلمى»نىڭ جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەللەردىمۇ تۇرپاندىن
ئېلىپ كېتىلگەن قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئاساس قىلىنىپ «تۇرپان
تېكىستلىرى» دېگەن نام بىلەن توملاپ ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى.

1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىدە «جۇڭگو شىنجاڭ تۇرپانشۇ-
ناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋە ماتېرىيال مەركىزى قۇرۇلدى، 1990 ـ يىلى
3 ـ ئايدا يەنە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى.

يۇقىرىدا بايانلاپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى، ھەر
خىل نامدىكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تۇرپان رايونىغا
ئۇزلۇكسىز كىرىپ، تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىرىنى تالا-
ن ـ تاراج قىلىپ، ساندۇق ـ ساندۇق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى، يازما
ھۆججەتلىرىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلا-
رنىڭ ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئالىملارنىڭ بۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا



تۇرپان ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ۋە ماقالە ئېلان قىلىشى «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى»نىڭ مەخسۇس پەن بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى»نىڭ شەكىللىنىشى تۇرپاننى تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناش بىلەن بىرگە، بۇ پەن يەنە دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە «ئۇيغۇرشۇناسلىق»بىلەن بىرگە تەتقىق قىلىنىپ ۋە تىلغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشتىمۇ مۇئەييەن رول ئوينىغان.

دېمەك، ھېچبىر جايدا چەت ئەللىك شۇنچە كاتتا ئالىملار باشقا يۇرتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇنچە چوڭقۇر، سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئەمەس، پەقەت تۇرپان ئۆز تارىخىدا شۇنچە قۇدرەت تاپقان، مەدەنىيەت جەھەتتە مىسلىسىز گۈللەنگەن بولغاچقىلا، «تۇرپانشۇناسلىق» بىر دۇنياۋىي ئىلىمگە ئايلانغان. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى پەخىرلەندۈرىدىغان ياخشى كەيپىيات. خەلقئارادىكى «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلمى بويىچە ئېلىمىزدە، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر قايسى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان پىشقەدەم تۇرپانشۇناس ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يەنە بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ «تۇرپانشۇناسلىق» نى ئاساس قىلغان «قوچو مەدەنىيىتى دەرسلىكى» تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس ستۇدېنتلار، ئاسپىرانتلار تەربىيىلەنمەكتە.



ئاتاقلىق تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناس، تۇرپانشۇناس، ئا.ۋ. گابائىن خانىم ، گېرمانىيە (1901 ـ 1993)

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «كۆرجەي قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ھەققىدە»، ئابلىم قېيۇم، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان.

2. «‹پەنجىرتاغ›، ‹توغراقبۇلاق› قىياتاش رەسىملىرى»، سەدۇللا تاھىرى، «توقسۇن تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 ـ سان.

3. «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، تەرجىمان:ئەركىن ھوشۇر، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

4. «تۇرپان ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى»، ئابلىم قېيۇم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى.

5. «تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، ئابلىم قېيۇم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

6. «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 ـ قىسىم، سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تۈزگەن، 1999 ـ يىلى.

7. «ئۇيغۇر تارىخى»، ليۇ زىشياۋ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى.

8. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى.

9. «لۈكچۈننىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئابدۇرېشىت ئەخمەت، پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى مەخسۇس توپلام، 16 ـ سان، پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

10. «تۇرپان ۋاڭلىرى»، مۇھەممەت ئىمىن، سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1997 ـ يىلى نەشرى.

11. «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئابدۇرېشىت ئەخمەت، پىچان ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس توپلام، سىياسىي كېڭەش پىچان ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۈزگەن.

12. «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، (1 ـ قىسىم)، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۇرپان شەھەرلىك كومىتېتى 1988 ـ يىلى تۈزگەن.

13. «توقسۇننىڭ قىسقىچە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تارىخى»، سەدۇللا تاھىرى، توقسۇن تارىخ ماتېرىياللىرى، 3 ـ قىسىم، 1992 ـ يىلى.

14. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەزكىرە كومىتېتىدىن پېنسىيىگە چىققان كادىر نۇرىدىن ساتتار يىغقان، تۇرپان ھەققىدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللار.

15. «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، ئىسمايىل تۆمۈرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

16. ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزاتىنىڭ «توقسۇن» نامى ھەققىدىكى ماقالىسى.

17. «سېھىرلىك تۇرپان»، (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى.

18. «تۇرپان كارىزلىرى»، نىياز كېرىمى، «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىلى 2 ـ سان.

19. «كارىز ئاتا»، ھىمىت نىياز «تۇرپان گېزىتى»، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاۋغۇست سانى.

20. «تەيزاڭ مۇنارى»، ئابدۇگۇل ئابلىمىت، زۇلپىيە مۇھەممەت، «تۇرپان گېزىتى»، 2005 ـ يىلى 7 ـ ۋە 8 ـ ئىيۇل سانى.

21. «قۇمتاغ مەنزىرىگاھى»، مۆمىنجان ئىبراھىم، «تۇرپان گېزىتى»، 2005 ـ يىلى نەشرى.

22. «بور ھاسىلاتىدىن چېقىنلار»، ئەركىن كېرىمى، «تۇرپان گېزىتى» 2005 ـ يىلى 29 ـ مارت سانى.

23. «‹تۇيۇق› دېگەن نام توغرىسىدا»، ئۆمەر قادىر، «تۇرپان گېزىتى» 2005 ـ يىلى 11 ـ يانۋار سانى.

24. «زۇلمەتلىك يىللاردا چاقنىغان يۇلتۇز»، مۇھەممەت راخمان، مۇھەممەت ئىمىن، «تۇرپان گېزىتى»، 2001 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال.

25. «تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا»، ئەركىن ئەرشىدىن، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2001 ـ يىلى 1 ـ سان.

26. «تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يېشىل مەرۋايىت ـ قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى»، مۇھەممەتجان توختى، مىراجىگۇل ساتتار، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2002 ـ يىلى 1 ـ سان.

27. «تۇرپان خەلق ئۇسسۇلى ‹نازىركوم› توغرىسىدا»، ئابلىمىت قۇربان، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان.

28. شىرئەلى ھوشۇرنىڭ بۇقا تېگىن ھەققىدىكى ماقالىسى.





مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: خاسىيەت ئىبراھىم

# سېھىرلىك زېمىن تۇرپان

ئۆمەرجان سىدىق

---

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورو، پوچتا نومۇرى: 830001)
ش ئۇ ئا ر سۇچىلىق نازارىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
850×1168 م م، 32 فورمات، 7.5 باسما تاۋاق
2005 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 6 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000

---

ISBN7—5372—3923—1
ئومۇمىي باھاسى: 20.00 يۈەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: خاسىيەت ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر داۋۇت
بەتچىك: پەتتارجان مۇھەممەد ئەرقۇت
سۈرەتلەرنى ئالغۇچى: غۇجامنىياز تارتقان



تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى

قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش



باھاسى: 12.00 يۈەن

ISBN 7-5372-3923-1

9 787537 239233 >

ISBN7-5372-3923-1
(民文) 总定价：20.00元